شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

# BULAK

2003

6



ISSN 1005 0876

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

24-يىل نەشرى

ئومۇمىي 93-سان

2003- يىللىق 6- سان

# بۇلاق



باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

## بۇ ساندا

**ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن**

تارىخى رەشىدىي ...................... مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن**

شېئىرلار ...................... يۇسۇف سەرىيامى (13)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت

**تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى**

تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە ...................... بارتولد (25)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ئابدۇقادىر

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىن پايدىلىنىش — ئاتالغۇ بېكىتىشتىكى مۇھىم چارە ...................... يۇسۇپ ئىگەم (38)

ئەرۇز ئاتالغۇسى ۋە ئەرۇز ئىلمىنىڭ ئەسلىي مەنبەسىگە ئائىت ئوخشاشمىغان قاراشلار توغرىسىدا ...................... زەمىر سەئدۇللازادە (42)

ئۇيغۇرلارنىڭ بۆشۈك مەدەنىيىتى ۋە ئادەتلىرى ...................... ئابدۇرېشىت ئىبراھىم، گۈلشات قادىر (51)

مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

## دىن ۋە فولكلور تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر...... يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (63)
چۈشنىڭ ماھىيىتى ۋە تەبىرى .............. توختى باقى ئارتىشى (80)

## ئەجدادلار ئۈگۈتى

تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى.............. ئابدۇللا روزىمۇھەممەت(90)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

سۇنغان ساتار.............. مىركەرىم ئاسىم (93)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدىۋەلى خەلپەت

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

رىۋايەتلەر .............. رەتلىگۈچى مويدىن سايىت(103)

* *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

* *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: ئۆمەر ھەييام
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: ① يەكەن ئالتۇنلۇقتىكى سەئىدىيە قەبرىستانلىقى (مۇراددىل ئابىد فوتوسى) ② ئۈچتۇرپاندىكى يەتتە قىزلىرىم قەبرىستانلىقى (ن. ن. فانتو-سوۋ فوتوسى) ساۋۇت موللاۋۇدۇۋ تەمىنلىگەن.
مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: ① ئۈچار گىلەم ② قاغجىراش (رەسسام: تاھىر ئوبۇل)
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: ئاتا مىراس

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: (0991) 2827726

# تارىخى رەشىدى ①

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان


مولla مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىشەخمەت


### سۇلتان سەئىدخاننىڭ پەرغانە ۋىلايىتىدىن چىقىپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش سەۋەبى ھەققىدىكى بايان

ئۆزبېك شەيبانىيلىرى تاشكەنتتە ئىدى، ئۇلارنىڭ سەردارى سۆيۈنچەكخان ئىدى. تارىختا توققۇز يۈز يىگىرمىنچى يىلى② ئۇلارنىڭ ئەندىجانغا قاراپ يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى خانغا ئاڭلاندى. پۈتكۈل ئەمىرلەر ۋە چارە - تەدبىر ئىگىلىرى يىغىلىپ، مەسلىھەت ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇلار ھەممە جەھەتتە يىراقنى ئويلاش ئارقىلىق ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە نەزەر سېلىشىپ، پىكىر - خىيالغا چۆمگەنىدى. بۇ ۋاقىتتا تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزا خاننىڭ مۇبارەك سەمىگە مۇنداق مەلۇماتنى يەتكۈزدى: «ئەتراپتىكى سۇلتانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز نومۇسلىرىنى ساقلاش، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ غېمىنى قىلىش بىلەن ئاۋارە. بىزلەرنىڭ شەيبانىيلارغا تاقابىل تۇرغىدەك قۇۋۋىتىمىز يوق، چۈنكى ئۇلار كۆپ، قورال - ياراغ ئەسلىھەلىرىمۇ ھەددى - ھېسابسىز. بىز لەشكەرلىرىمىز بىلەن ئۇلارغا قارشى سەپ تۈزۈپ جەڭ قىلساق، تەقدىر - قىسمەت ۋەزىرلىرىمىز ۋە ئەمىرلىرىمىزنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بولۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان تەقدىرىمىزدىمۇ، پەقەت بىر ساغلام كىشىنىڭ بىر قولىنى سۇندۇرغانچىلىك ئىش قىلغان بولىمىز؛ ھالبۇكى، ساغلام كىشىنىڭ بىر قولى سۇنغانلىقى بىلەن ئۇ كىشى كاردىن چىقمايدۇ، بەلكى ئۇ داۋاملىق ئۈستۈنلۈك تالىشىدۇ ۋە دائىم دۈشمەنلىشىدۇ. خۇدا ساقلىسۇنكى، ئىش ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.
② ھىجرىيە 920 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1514 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ، بىز مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز. ئۇ چاغدا بۇ خىل خاتالىقلى
ھېچقانداق تىرىشچانلىق بىلەنمۇ تولدۇرغىلى، بۇ جاراھەتنى ھېچبىر داۋا بىلەن ساقايتقىلى
بولمايدۇ. پەرغانە ۋىلايىتى ئەسلىدە چاغاتايلارغا تەۋە يۇرت بولسىمۇ، شەيبانىيلار ئۇلاردىن
زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان، بىز چاغاتايلارغا ۋاكالىتەن بۇ يۇرتقا ئىگىدارچىلىق قىلىپ
كېلىۋاتقانىدۇق. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پۈتكۈل سۇلتانلار، بولۇپمۇ چاغاتاي سۇلتانلە-
رى جەڭگۇجېدەل قوللىرىنى ئېھتىيات يەڭلىرى ئىچىگە تىقىۋالدى، ئىختىلاپ ئاياغلىرىنى
چېكىنىش ئېتەكلىرى ئىچىگە تارتىۋالدى. شۇڭا، ئۇلار ئۈچۈن بۇ يۇرتنى تالىشىپ، بۇنداق
خەتەرلىك ئىشقا قەدەم قويۇشىمىز ئۇزاقنى كۆزلەشتىن ۋە ئېھتىياتتىن يىراقتۇر. ئەگەر
ئېھتىياتچانلىق يولىنى تۇتۇپ، دۈشمەن لەشكىرىنىڭ چاڭ - توزانلىرى بۇ ۋىلايەت سەھنىسىد-
نى قاراڭغۇ قىلىشتىن ئىلگىرى جەڭگۇجېدەل ئىشىكىنى مەھكەم يېپىپ، سەپەر تىزگىنىد-
مىزنى ئەسلىي ماكانىمىز بولغان موغۇلىستان تەرەپكە قاراتساق، غەلىبە - نۇسرەت ۋە بەخت -
سائادەتكە مۇۋاپىقراق كۆرۈنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ
غالىبىيەت ئۇلاغلىرىنى يارىلانغان ھالەتتە دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ يېقىندىلا تۇتلۇق
بېگىدە زەربە يەپ يېڭىلدى. ئەگەر ئۇنىڭ ۋىلايىتىگە بارساق، ئۇ بارلىق غەيرەت ۋە ھىممىتىد-
نى ئىشقا سالغان، جان - جىگەرلىرى بىلەن مەردانىلىق كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ پەقەت بىر
قېتىملىق ئومۇمىي جەڭگىلا يېتىشەلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ جېگى ئۆزبېكلەر بىلەن
بولغان جەڭگە قارىغاندا يەڭگىل ۋە ئاساندۇر. ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشىمىزنىڭ خەۋپ -
خەتىرى ئازراق، پايدا - مەنپەئىتى كۆپرەكتۇر. بۇ مەسلىھەتىمىنىڭ مۇۋاپىقلىقىغا يەنە بىر
دەلىلىم شۇكى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ يېشى ئاتمىشتىن ئېشىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ سەلتەنەت
مۇددىتىمۇ ئەللىك يىلغا يېقىنلىشىپتۇ. پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى قىرىق يىلدىن بېرى ئۇنىڭ
بۇ جەبىر - زۇلۇملىرىغا مۆھلەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ سەۋر - تاقەت قىلغۇچى سۈپىتىنى نامايان
قىلىپتۇ. كۆچلۈك ئېھتىمال شۇكى، ئۇنىڭ زۇلۇم كۈنلىرى ئاخشامغا يېقىنلاشتى بولغاي.
بۇنىڭغا يەنە بىر دەلىل شۇكى، ئۇ بارلىق داڭدار ئەمىرلەرنى ۋە قابىل كىشىلەرنى كاردىن
چىقىرىپتۇ، سىپاھ ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالماپتۇ، ئۇ قابىل ئەمىرلەرنىڭ
ئورنىغا بىرقانچە رەزىل ۋە پەس تەبىئەتلىك كىشىلەرنى ئىشقا قويۇپتۇ، ئۇ رەزىللەرمۇ
ئۆزىنىڭ پىكىر - تەدبىرلىرىنىڭ يوق بولۇشىغا قارىماي، يەنە مىرزا ئابابەكرىدىن خاتىرجەم
ئەمەس. پۈتكۈل كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنى سەرپ قىلىپ، قەشقەرنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن ھەل
قىلغۇچ جەڭ قىلساق، ئېھتىمال تاقاق ئىشىكلەرنى ئېچىشقا قادىر تەڭرى پەتھى - نۇسرەت
ئىشىكلىرىنى ئىقبال ۋە بەخت - دۆلەت يۈزلىرىگە ئېچىپ، مۇددىئايىمىزنى ھاسىل قىلىپ
بەرسە ئەجەب ئەمەس. يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە مىرزا ئابابەكرىنىڭ بارلىق مۇلازىم ۋە خادىملىرى
ئىزباسارلىق ۋە مەرتىۋە جەھەتتە مىرزا ئابابەكرى بىلەن مېنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىمنى
بىلىدۇ. مەن ھازىر جانابىڭىزنىڭ دۆلەتپاناھ ھوزۇرىڭىزدا خىزمىتىڭىزدە سىزگە ھەمراھ-
مەن. شۇڭا، مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۇلازىملىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، ماڭا يۈزلىنىش ئېھتىما-

www.uyghurkitap.com

لى بار. قەشقەرنى ئېلىشتا بۇ چوڭ سەۋەب بولغۇسىدۇر. گەرچە مىرزا ئابابەكرى مېنىڭ ئىنىم بولسىمۇ، ئەمما مۇنۇ شېئىردا ئېيتىلغىنىدەك، نەزم:

*مىلك قايانسكىم خۇدانىڭ يادىدىن بولسە جۇدا،*
*ئاشنانىڭ بىر سەرى مويىغە گول بولسۇن فىدا.*

پېقىر ھەممە ئىشتا سىزگە ئەبەدىلئەبەد سادىق بولىمەن. ھەرقانداق باش سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزدا ئۆزىنى تۇپراق بىلەن تەڭ تۇتمايدىكەن، مەيلى ئۇ مېنىڭ بىر تۇغقىنىم بولغان تەقدىردىمۇ، مۇرادىم شۇكى، ئۇنىڭ بېشىنى بۇ سائادەتلىك دەرگاھىڭىز تۇپرىقى بىلەن تەڭ قىلغايمەن. ساداقەت جەھەتتە تۇغقانچىلىق ھەققىگە نەزەر سالمايمەن، ئۇنداق تۇغقىنىمنىڭ خار ۋە زەبۇنلۇقىنى دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە سەلتەنەتنىڭ دائىمىيلىقى ئۈچۈن زۆرۈر دەپ بىلىمەن. ئەگەر بۇ پىكىرلىرىم مۇبارەك رايىڭىزغا مۇۋاپىق كەلسە، مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش كۆرسەك، دۆلەت ۋە سائادەتكە لايىق كۆرۈنىدۇ».

تاغام بۇ سۆزلەرنى خاننىڭ سەمىگە سالغاندىن كېيىن، خان ئۇنى باشتىن ئاخىرغىچە ياقتۇردى. ناھايىتى خۇشال بولۇپ، تەھسىن - ئاپىرىنلار ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «نەچچە مۇددەتتىن بېرى كۆڭلۈم شۇنىڭدىن پاراكەندە ئىدىكى، ھەممە مەسلىھەتلەردە ئىمكانسىزلىق پۇراقلىرى ۋە نالايىقلىق ئالامەتلىرى بار ئىدى. ئەگەر ئۇ بويىچە ئىش كۆرگەندە، ئاقىۋەت ھەيرانلىق بارماقلىرىنى ھەسرەت چىشلىرىمىز بىلەن چىشلىشىمىزگە توغرا كېلەتتى. ئېھتىمال مۇشۇ كېڭەش بارلىق مەسلىھەتلەردىن مۇۋاپىقراق ۋە ھەممە تەدبىرلەردىن لايىقراق بولسا كېرەك. سەييىد مۇھەممەد مىرزا ھازىر بايان قىلغان پىكىر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ ئورۇن ئالغانىدى. مېنىڭ رايىممۇ سەيىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ رايىغا مۇۋاپىقتۇر. ئەمىرلەردىن ھەركىمنىڭ بۇ ھەقتە يەنە باشقا مەسلىھەتى بولسا تارتىنماي بايان قىلغاي»

ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى ئىپادە.جەھەتتە ۋە مەنە جەھەتتە بۇ پىكىرنىڭ پايدىلىق ۋە ياخشى ئىكەنلىكىنى قۇۋۋەتلەپ، بىردەك ئاپىرىن ئېيتىشتى. شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەننىڭ رايى مۇشۇ مەسلىھەتكە قارار تاپتى.

خان تارىختا توققۇزيۈز يىگىرمە، رەبىئەل ئەۋۋەل ئېيىدا[1]، سۈيۈنچەكخان تېخى پەرغانە ۋىلايىتى چېگرىسىغا يېتىپ كەلمەستە، ئەندىجاندىن چىقىپ، موغۇلىستان يولى بىلەن قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ يەنە ئاجايىپ بىر ئىشى شۇكى، مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم ۋە شۇ چاغدا كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، لېكىن شۇنىڭغا جەزم قىلىمەنكى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ زامانە خەلقىدىن كىشى قالمىسا، مەزكۇر ئاجايىپ ۋەقە ئاڭلىغۇ-

① ھىجرىيە 920 - يىلى رەبىئەل ئەۋۋەل ئېيى مىلادىيىنىڭ 1514 - يىل ئاپرېل ۋە ماي ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

چىلارغا گوياكى بىر ھېكايە ياكى تەمسىلدەك سېزىلىشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇلار پېقىرنى ئىنتايىن مۇبالىغىچى قاتارىغا قوشۇۋېتىشى مۇقەررەر، تەگرى ئۇنداق بولۇشتىن ساقلىغاي. لېكىن، پېقىرنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ راستلىقىغا ھېچ شەك - شۈبھەم يوق بولغاچقا، ئۇ ئاجايىپ ھېكايەتنى بايان قىلدىم. بۇ كىتابنى كۆرگۈچىلەرگە ئىلتىماسىم شۇكى، بۇ نۇسخىغا رىزالىق كۆزى بىلەن قارىغاي، راستلىق ۋە پاكىزلىك بىلەن ئەستە تۇتقاي.

بۇ ئاجايىپ ۋەقە تۆۋەندىكىچە:

مىرزا ئابابەكرىنىڭ قەشقەرنىڭ [ئەسكى ھىسار دەپ ئاتىلىدىغان] قەدىمىي قەلئەسىنى ۋەيران قىلىپ، خەلقنى يەركەنگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتكىنىگە نەچچە مۇددەتلەر بولغانىدى. قەشقەر قەلئەسىنىڭ بەزى جايلىرىنى تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. خاننىڭ قەشقەرگە كېلىدىغانلىق خەۋىرى ئاڭلىنىپ، بۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكى جەزملەشكەندىن كېيىن، مىرزا ئابابەكرى قەشقەرنىڭ قەدىمىي قەلئەسىدىن يۇقىرىراقتا، تۈمەن سۈيىنىڭ لېۋىدە، يار تۆپىسىدە بىر قەلئە ياساتتى. پېقىر ئۇ قەلئەنى نەچچە نۆۋەت كۆرۈپ، ھەۋەس بىلەن ئايلىنىپ چىققانىدىم. چوڭ - كىچىكلىكىنى ئەللىك جەرىب[1] مۆلچەرلىدىم، قەلئەنىڭ ئېگىزلىكى ماتا گېزىدە يىگىرمە بىر[2] گەز، بۇرجىلىرىنىڭ ئەتراپلىرى ناھايىتى ئېگىز، ھەر تەرەپتە ئوتتۇزغا يېقىن بۇرجى [خانە ۋە جەبىخانىلىرى] بار ئىدى. سېپىلنىڭ كۆپىنچە يەرلىرىدە تۆت ئاتلىق كىشى يانمۇيان ھالدا تەڭ ماڭغىلى بولاتتى. مىرزا ئابابەكرى بۇ قەدەر ئالىي ۋە مۇستەھكەم قەلئەنى يەتتە كۈندىلا ياساتتى پۈتكۈزدى. بۇ ئاجايىپ ئىشلار جۈملىسىدىن بولۇپ، ھېچقانداق پادىشاھ بۇنچىۋالا چوڭ ۋە مۇستەھكەم قەلئەنى يەتتە كۈندە پۈتكۈزەلمەس. مىرزا ئابابەكرىنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىنىڭ نەقەدەر چىڭلىقى يۇقىرىدىمۇ بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى. بۇ ھېكايەتمۇ شۇنىڭغا ئادىل گۇۋاھتۇر.

سۆز بۇ يەرگە يەتتى. ئەمدى قەشقەر مەملىكىتىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتمىسەك، بۇ كىتابنى دىققەت قىلىپ ئوقۇغۇچىلار بەزى بايانلاردا شۈبھىلىنىپ قالىدۇ ۋە بەزى ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتى روشەن بولماي قالىدۇ.

## قەشقەر ئەھۋالىنىڭ بايانى

بىلىش كېرەككى، قەشقەر مەشھۇر ۋە قەدىمىي شەھەردۇر. قەدىمكى زامانلاردا قەشقەرنىڭ سۇلتانلىرى ئەفراسىياب تۈركنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئەفراسىياب تۈركنى موغۇل خەلقى بۇقاخان دەپ ئاتايتتى. ئەفراسىيابنىڭ نەسەبى شۇكى، ئەفراسىياب بولسا پىشەڭنىڭ ئوغلى، پىشەڭ دادىنشىننىڭ ئوغلى، دادىنشىن تۈرنىڭ ئوغلى، تۈر بولسا ئەفرىدۇننىڭ ئوغلىدۇر. بۇ رىۋايەت «تارىخىي گەزىدە» دە خاجە رەشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «مەجمەئۇت - تەۋارىخ»

① بۇ سان مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە: «يۈز ئەللىك جەرىب» دېيىلگەن.
② بۇ سان باشقا نۇسخىلاردا «يىگىرمە گەز» دېيىلگەن.

ئاملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپتۇ، يەنە بەزى تارىخلاردا بۇنىڭدىن كۆپرەك بايان قىلىنىپتۇ، تەگرى بىلىدۇ.

قەشقەر سۇلتانلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتان ساتۇق بۇغراخان كىچىك ۋاقتىدا ئىسلام شەرىپىگە ئېرىشكەنىدى. ئاندىن ئۇ پۈتكۈل قەشقەر ۋىلايىتىنى مۇسۇلمان قىلدى. سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندىن كېيىن قانچىلىغان كىشى قەشقەردە پادىشاھ بولدى، ھەتتا ماۋەرائۇننەھردىمۇ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئەۋلادلىرىدىن پادىشاھ بولۇپ ئۆتتى. چىڭگىزخان بۇ يەرنى ئىستىلا قىلىشتىن ئىلگىرى تايماڭخان① چىڭگىزخاندىن قېچىپ كەلگەنىدى. تايماڭخاننىڭ ئوغلى كۈشلۈك② قەشقەرنى قاراختايلاردىن بولغان گورخاننىڭ سەركەردىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. قاراختاي خانى گورخان قەشقەرنى ئەفراسىيابنىڭ ئەۋلادىنىڭ سەركەردىلىرىدىن تارتىۋالغانىدى. شۇ چاغدا ئەفراسىياب ئەۋلادىدىن سۇلتان ئوسمان بۇغراخان سەمەرقەنتتە ماۋەرائۇننەھرنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا پادىشاھ ئىدى. سۇلتان ئوسمان بۇغراخان بىلەن خارەزمشاھ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بارلىق تارىخ كىتابلىرىدا ئايان ۋە بايان قىلىنغاندۇر.

كۈشلۈكنىڭ پىتنىسى ۋە موغۇللارنىڭ قەشقەرنى ئىستىلا قىلغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەلەر «تارىخىي جاھانگۇشاي»دىن ئۆز مەتنى بىلەن نەقىل كەلتۈردى.

## [«تارىخىي جاھانگۇشاي»دىن ئېلىنغان نەقىل]

چىڭگىزخان شەرق دىيارلىرىنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، كۈشلۈكنىڭ ئاتىسى تايماڭخان قېچىپ، بەشبالىق يولى ئارقىلىق گورخاننىڭ چېگرىسىغا كىردى. ئۇ تاغلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بىللە كەلگەن قوۋملىرى چېچىلىپ كەتتى. بەزىلەر: گورخاننىڭ لەشكەرلىرى ئۇنى تۇتۇپ گورخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى، دەيدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ ئۆزى باردى دېيىلىدۇ. دېمەك، ئۇ نەچچە مۇددەتكىچە گورخاننىڭ خىزمىتىدە ئىدى، سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھ توساتتىن گورخان بىلەن قارشىلىشىپ، ئىتائەتتىن باش تارتتى. مەشرىق تەرەپتىمۇ ئۇنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىرقانچىسى سەركەشلىك قىلدى. ئۇلار جاھان شاھى چىڭگىزخاننىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىۋېلىپ، گورخاننىڭ خەۋپ - خەتىرىدىن ئامانلىق تاپقانىدى. كۈشلۈك گورخانغا: «مېنىڭ قوۋمۇم ناھايىتى تولا، ئۇلار ھازىر ئىمىل، قۇياق③ ۋە بەشبالىق چېگرىلىرىدا پاراكەندە ھالەتتە چېچىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلارغا ھەركىم خالىغانچە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئىجازەت بېرىلسە، ئۇ قوۋملىرىمنى يىغسام، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن مۇخالىپلىرىڭىزنى ئىتائىتىڭىزگە كىر-

① بۇ ئىسىم پارسچە نۇسخىدا «تايان خان» دېيىلگەن، مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە تايانخان دېيىلگەن.
② بۇ ئىسىم پارسچە نۇسخىدا ۋە مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «كۈچلۈك» دېيىلگەن.
③ بۇ نام پارسچە نۇسخىدا «قۇياق» (قياق) دېيىلگەن، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «قىيالىق» دېيىلگەن.

گۆزسەم. سىز قانداق پەرمان قىلسىڭىز ئەسلا بويۇنتاۋلىق قىلمىسام» دېدى. بۇ پىكىر
ئارقىلىق گورخاننى غۇرۇر زىندانىغا تاشلىدى. ئاندىن گورخاننىڭ ئالدىغا نۇرغۇن تۆھپە -
ھەدىيەلەرنى ئېلىپ كېلىپ، «ماڭا كۈچلۈك خان» دېگەن لەقەمنى ئىنئام قىلغان بولسىڭىز
دەپ ئىلتىماس قىلدى. گورخانمۇ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى «كۈچلۈك خان»
دەپ ئاتىدى. كۈشلۈك شۇنىڭدىن كېيىن گورخاننىڭ تەۋەلىكىدىن يادىن چىققان ئوقتەك
چىقىپ كەتتى ۋە ئىمىل، قۇياق چېگرىلىرىغا يېتىپ كەلدى. كۈشلۈكنىڭ بۆلۈنۈپ چىققانلى-
قى تەرەپ - تەرەپكە ئاڭلىنىپ، زىلزىلە پەيدا قىلدى. ھىيلە - مېكىرچىلەرنىڭ كاتتىۋېشى
بولغان توقتايمۇ[1] ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق جاھان پادىشاھى چىڭگىزخاننىڭ ھەيۋەت - ھەشە-
مىتىدىن قورقۇپ قاچقانىدى، ئۇمۇ كۈشلۈككە قوشۇلدى. كۈشلۈكنىڭ ھەر تەرەپلەرگە
چېچىلىپ كەتكەن قوۋملىرى يىغىلدى. ئۇ تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ
يۈرەتتى. سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ غەلىبە قازانغانلىق خەۋىرى ئاڭلانغاندىن كېيىن،
كۈشلۈك مۇھەممەد خارەزمشاھ تەرەپكە ئارقا - ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ: «سۇلتان مۇھەممەد
خارەزمشاھ غەرب تەرەپتىن گورخان ئۈستىگە يۈرۈش قىلغاي، شەرق تەرەپتىن كۈشلۈك
يۈرۈش قىلغاي، شۇنداق قىلىپ، گورخاننى ئارىدىن يوقاتقاي. ئەگەر بۇ ئىشتا سۇلتان
مۇھەممەد خارەزمشاھ چاققانلىق قىلىپ، كۈشلۈكتىن ئىلگىرى گورخاننى يوقاتسا، گورخان
مەملىكىتىدىن ئالمالىقتىن تارتىپ قەشقەر، خوتەنگە قەدەر بولغان جايلار سۇلتان مۇھەممەد
خارەزمشاھقا تەۋە بولغاي. ئەگەر كۈشلۈك سۇلتان مۇھەممەد خارەزمشاھ يېتىپ كېلىشتىن
ئىلگىرى گورخاننى ئارىدىن يوقاتسا، قاراختايدىن بەناكەتكىچە بولغان جايلار كۈشلۈككە تەۋە
بولغاي» دېگەن سۆزنى ئارىغا سالدى. مەسلىھەت ئاشۇ سۆزگە قارار تاپتى. مۇشۇ ئىتتىپاق
بويىچە ئىككىلا تەرەپتىن قارا خىتايغا لەشكىري يۈرۈش باشلىدى. كۈشلۈك سۇلتان مۇھەممەد
خارەزمشاھتىن ئىلگىرى يېتىپ كېلىپ، گورخانغا زەربە بەردى، چۈنكى گورخاننىڭ لەشكەر-
لىرى يىراقتا ئىدى، خەزىنىلىرى ئۆزگەنتتە ئىدى. گورخان يېڭىلگەندىن كېيىن، كۈشلۈك
ئۇنىڭ خەزىنىلىرىنى بۇلاپ - تالىدى. ئاندىن كېيىن بالاساغۇنغا يېتىپ كەلدى گورخان
شۇ يەردە ئىدى. گورخان جىنۇچ دېگەن يەردە كۈشلۈك بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى.
جەڭدە كۈشلۈك مەغلۇپ بولۇپ يېنىپ كەلدى. ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە لەشكەر توپلاپ
تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى، چۈنكى گورخان مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ جېڭىدىن يېنىپ،
قايتىپ كېلىۋېتىپتۇ. يۇقىرالارغا [ھەم ۋىلايەتلەرگە] قارىتىلغان قائىدە - قانۇنلارنىمۇ
ئادەتتىن تاشقىرى چىڭىتىپتۇ، دېگەن خەۋەر ئاڭلانغان ئىدى. كۈشلۈك لەشكەر باشلاپ
بېرىپ، گورخاننىڭ مەملىكىتى ۋە لەشكەرلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلاردىن بىر قىزنى
خوتۇنلۇققا ئالدى. تايماڭ[2] قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ناسارا دىنىدا ئىدى. كۈشلۈك

---

① بۇ ئىسىم پارسچە نۇسخىدا مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەنت نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا «توختاماي» دەپ يېزىلىپ قالغان.
② بۇ نام مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە: «نايمان» دېيىلگەن.

ئۇ قىزنى ئالغاندىن كېيىن ناسارا دىنىدىن يېنىپ، بۇتپەرەست بولدى.
مەملىكىتىدە ئورۇنلىشىپ، نەچچە نۆۋەت خانبالىقتا بېرىپ جەڭ قىلدى. ئا
شىكار ۋاقتىدا تۇتۇپ ئۆلتۈردى. قەشقەر ۋە خوتەن گورخانغا تەۋە ئىدى. بۇ جاي
بويسۇنمىدى. كۈچلۈك قەشقەرگە بىر ئەمىر ئەۋەتتى. قەشقەر ئەمىرلىرى بىر
تىپ، ئۇ ئەمىرنى شەھەرگە كىرىۋاتقاندا دەرۋازا ئاستىدا ئۆلتۈردى. شۇنى
كۈچلۈك ھەر يىلى [قەشقەرگە] زىرائەتلەر كۆكلىگەن مەزگىلدە لەشكەر ئەۋەتىش
لەشكەرلەر زىرائەتلەرنى چارۋىلارغا يېگۈزۈپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپ قايتى
ئىككى - ئۈچ نۆۋەت شۇنداق قىلغاندىن، قەشقەر خەلقى ئاچارچىلىقتا دۇ
قىينالغانلىقتىن ئىلاجسىز كۈچلۈككە بويسۇندى. شۇنىڭدىن كېيىن كۈچلۈك لە
باردى. لەشكەرلەر قەشقەر خەلقىنىڭ ئۆي - ئۆيلىرىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.
خەلقىنىڭ ئەھلى ئايالى، بالا - چاقىلىرى بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ قوپتى، جەبر
پىسقۇ پاسادنى ئاشكارا يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بۇ بۇتپەرەست مۇشرىكلار كۆ
خالىسا، قولىدىن كېلىشىچە قىلدى. ھېچكىمدە ئۇنى توسقۇدەك ماجال يوق ئى
كېيىن ئۇلار خوتەنگە باردى. خوتەننىمۇ ئالدى، ئۇ دىيار خەلقىنى ھەزرىتى مۇھەم
— تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ دىنىدىن يېنىشقا دالالەت قىلد
يا ناسارا دىنىغا كىرىش ياكى بۇتپەرەست بولۇپ، قاراختايلارنىڭ كىيىمىنى ك
ئىككى ئىشتىن بىرىنى ئىختىيار قىلىش، [بولمىسا ئۆلتۈرۈلۈشكە رازىلىق
زورلىدى. خەلق ئىلاجسىز بۈيۈك تەڭرىنىڭ: «كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس،
لىقتىن (يوقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يې
ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ناھايىتى
دۇر»① دېگەن سۆزىنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن قاراختايلارنىڭ كىيىمىنى كىيىشتى.
كېيىن ئەزان ئاۋازى ئۈزۈلدى. مەسجىد ۋە مەدرىسىلەرنىڭ ئىشىكلىرى تاقالدى.
كۈنى خوتەندىكى [كاتتا ئالىملار]، ئۇلۇغ ئىماملارنى سەھراغا ئېلىپ چىقىپ
مۇنازىرە قىلىشىشقا باشلىدى. بۇ ئىماملار ئارىسىدىن ئىمام ئەلائىددىن [مۇھەممە
— تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ئۇ ئىمانسىز قوۋمنىڭ سوئاللىرىغا جاۋا
ئۇلارنى يەڭدى. ئۇلار ئاخىر ھەزرىتى ئىمام ئەلائىددىن مۇھەممەدنى مەدرىسىنىڭ
ئاستى ۋە بۇ ۋەقە پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانچ
تېپىشتىن توختىدى. تەڭرى تائالانىڭ بەندىلىرىگە پۈتمەس - تۈگىمەس زۇلۇم ۋە
لار يۈزلەندى. پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇئا قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، بۇ ئىما
گەردى شۇم قوۋمنى يوقىتىشنى ئىلتىجا قىلىپ، يىلىنىپ، ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بو
دەرگاھىغا يۈزلەنگەن ئىدى. خەلقىنىڭ دۇئا ئوقلىرى ئىجاۋەت ۋە مەقبۇللۇق نىشا

① قۇرئان كەرىم، 2 - سۈرە بەقەرە، 173 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىن كۈشلۈك چىڭگىزخان مەملىكىتى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. شۇڭا چىڭگىزخانمۇ ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن بارلىق نويانلىرىنى ئەۋەتتى. كۈشلۈك ئۇ ۋاقىتتا قەشقەردە ئىدى. قەشقەر ئەھلى شۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ. نويانلار قەشقەرگە يېتىپ كې-لىپ، تېخى سەپمۇ تۈزمەستىنلا، كۈشلۈك چېكىنىشكە يۈزلەندى ۋە قاچتى. موغۇللار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توپ - توپ بولۇپ توختاۋسىز ھالدا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىزدىن كۈشلۈكنىڭ خەۋىرىدىن باشقا گەپ سورىمايتتى، ئۇلار بىزگە تەكبىر - ئەزان ئوقۇشقا، ناماز ئۆتەشكە ئىجازەت بەردى. شەھەردە: «ھەركىم ئۆز قائىدىسى ۋە ئادىتىنى تاشلىمىسۇن، ئۆزىنىڭ دىنىي يولىدىن چىقمىسۇن» دەپ جاكارلىدى. شۇڭا، ئۇ جامائەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەڭرىنىڭ رەھمىتى، ئاللاھنىڭ ئىنئامى ۋە ئىنايىتى دەپ بىلدۇق. كۈشلۈك يېڭىلىپ قاچقاندىن كېيىن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن شەھەردە ۋە خەلقنىڭ ئۆيلىرىدە قالغانلىرى بىر پەستىلا خارۇزار ھالەتتە يوقىتىلدى. قاچقانلىرىنى موغۇل لەشكەرلىرى قوغلاپ يۈرەتتى. ئۇلار قەيەرگە چۈشسە، موغۇل لەشكەرلىرى شۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ قوغلاپ، بەدەخشان چېگرىسىغىچە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ۋاخان يولىغا كىرمەكچى بولۇپ، سارىغچوپانغا يېتىپ كەلگەندە يولدىن ئېزىپ قېلىپ، بىر جىلغىغا كىردى. بۇ جىلغىنىڭ چىقىدىغان يولى يوق ئىدى. بۇ چاغدا بىر توپ ئوۋچىلار بەدەخشاندىن ئاشۇ تاغلارغا شىكار قىلىشقا كەلگەنىدى. ئۇلار بۇ يەرگە ئېزىپ كىرىپ قالغان كىشىلەرنى كۆرۈپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، موغۇللار يېتىپ كەلدى. موغۇللار قاراپ بېقىپ، جىلغىغا كىرىپ كۈشلۈك بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ بىھۇدە مۇشەققەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى، شۇڭا موغۇللار ئوۋچىلارغا: «كۈشلۈك بىزدىن قېچىپ بىرمۇنچە ئادەملىرى بىلەن بۇ يەرگە كەلدى. سىلەر ئەگەر بىزگە كۈشلۈكنى تۇتۇپ بەرسەڭلار، ئۇلارنىڭ باشقا مال - دۇنياسىنىڭ بىزگە لازىمى يوق» دېدى. ئوۋچىلار موغۇللار بىلەن شۇنداق پۈتۈشتى. بۇ بىر توپ ئوۋچىلار كۈشلۈكنى ئادەملىرى بىلەن قورشاپ تۇتۇپ، موغۇللارغا تاپشۇرۇپ بەردى. موغۇللار كۈشلۈكنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەتتى. بەدەخشانلىق ئوۋچىلار سان - ساناقسىز نەق پۇل ۋە جاۋاھىراتلارنى غەنىيمەت ئېلىپ قايتتى.

مەخپىي قالمىسۇنكى، مۇھەممەد مۇستاپا — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ دىنى ۋە شەرىئىتىگە دەخل - تەرۇز قىلغان ھەرقانداق بەدبەخت پەتىھى - نۇسرەت ۋە بەخت - سائادەت تاپالمايدۇ. بۇ قەدىمىي دىنىنى ۋە توغرا شەرىئەتنى راۋاجلاندۇرغان ھەرقانداق بىر بەخت - سائادەت ئىگىسى مەيلى ئۇ تەقلىد قىلغۇچى، دورامچى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ دەرىجىسى كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ، ئالىي مەرتىۋگە، يۈكسەك مەنزىلگە يېتىشىدۇ. نەزم:

*چەراغىنىكى ھەق ياندۇردى قويىدى،*
*كىشىكىمىر «پۈف» دېدى، ساقالى كۆيدى.*

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com

# دىۋانى مەۋلەۋىي يۈسۈف سەريامى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

※ ※

سەندىن مۇدام جۇد ئىلە مىھرۇ ۋەفا بەگا،
بۇندەن كىچەركى ھەردەمى سەنسىز جەفا بەگا.
فەزلىڭ رەفىقىم ئولماسە يوق جۇز خەتا بەگا،
يارەب، ھەمىشە لۇتفىڭى ئەت رەھنەما بەگا،
گۇستەرمە ئول تەرىقكى يەتمەز سەگا ـ بەگا.

كۆردۇمكى قەۋم خانىقە، يا ئەھلى دەيردۇر،
زەئمى ئالارنى ئەيلەگەنى كارى خىيرەدۇر،
ئافاق ئەنفى ئەلەمى قەتئىيدە سىردۇر،
قەتئ ئەيلە ئاشنالىغىم ئاندەنكى غەيردۇر،
ئانھەق ئۆز ئاشنالارىڭ ئايت ئاشنا بەگا.

كويۇڭدىن ئۆزگە سارى ساۋۇرمە غۇبارى مەي،
خاك دەرىڭدىن ئەيلە بۇيۇك ئىقتىدارى مەي،
جۇز ئاستانىڭ ئەتمە مەھەل قەرارى مەي،
بىر يەردە سابىت ئەت قەدىمى ئىئتىبارى مەي،
كىم رەھبەر شەرىئەت ئەۋلا مۇقتەدا بەگا.

ۋاھەسرەتا، كى يۈزۈ يەرە كارى تەباھ ئەگەر،
خىجەلەت نەتىجە بەرمەسە بۇ رەڭ گاھ ئەگەر،
مويسەفىدۋار چۇ رۇيى سىياھ ئەگەر،
يوخ بەندە بىر ئەمەل ساگا شايەستە ئاھ ئەگەر،
ئەئمالىمە كۆرەۋىرە ئەدلىڭ جەزا بەگا.

بەنتەك ئولۇر مەي بەندەئى گۇنەھكار ئۇمىدكىم،

چوخ شەرمسار سىنەسى ئەفگار ئۇممىدكىم،
كۆپ قورقارەم قويۇلماسە دەپ زار ئۇممىدكىم،
خەۋف - خەتەردە مۇزتەرىمۇۋاز ئۇممىدكىم،
لۇتفۇڭ ۋىرە بىشارەت ئەفۇۋ ئەتا بەگا.

سىررى نىھان ھالىمە، يارەب ئىلىم سەن
ھەم بەرگۇچى بىشارەت ھەم خەۋفۇ بىيم سەن،
دۇتەدۇم رىجا قولۇڭغە رۇفۇ رەھىم سەن،
بەن بىلمەزەم بەگا كەرەكمن سەن ھەكىم سەن،
مەنئ ئەيلەۋىرمە ھەرنە كىبرەكمەز سەگا - بەگا.

ئۇزمەم ئۇممىد جۇرم ئىلە تائەتكە ئىئتىماد،
يوقتۇر ھەمىشە خەۋفۇ رىجادىن بۇلەكۆ داد،
تىلىم ئىلە رىزاڭ ئىرۇر مەسلەكى رەشاد،
ئولدۇر بەگا مۇرادكى، ئولدۇر ساڭا مۇراد،
خاشاكى سەندىن ئۆزگە ئەۋلا مۇددەئا بەگا.

قامەت كەمانى ئولدى ئاگا دۇدى ئاھى تىير،
يۇسۇف دۇتا كىمنە يۇكىدىن تاكى ئولدى پىر،
قىلغىل ئىلاھا رەھمەتۇ فەزلىڭنى دەستىگىر،
ھەرىسۇ ھەۋادە قويمە فۇزۇلى سىفەتى ئەسىر،
يارەب، ھىدايەت ئىلە تەرىقى ھۇدا بەگا.

※ ※

قامەتىم قايىسى خەمى ئەبرۇكەماندىن بولدى يا،
دىل نىشانى ناۋەكى بىر دىلستاندىن بولدى يا.
كۆزدە ياشىم، ئەي كۆڭۈلنى يۈزدە قاندىن بولدى دەپ،
دىمەكىم دىمەس قەدۇ ئەشكىمنى قاندىن بولدى يا.
سەرۋ ناز ئولدى سەھى قامەت كەمال ئىنفىئال،
گەردىشى ئەييام ئىلە بادى خەزاندىن بولدى يا.
تىير بارانى قەزا ئاتماقغە دەۋران باشىغە،
باش ئەياغ ھەربىر ھىلال ئاسماندىن بولدى يا.
بىلمەدىم گەردۇن دۇتا قامەت بىلەن سەرگەشتەدۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۈزدە ھەر ئەنجۇم ئەرەق بارى گەرادىن بولدى يا.
لالەگۈن شامۇ شەفەق جىيبۇ سەھەر سەدپارەسى،
ئاھ، دۈدى ئالۈدە ئەشك خۇنى فىشاندىن بولدى يا.
يۈزدە ناخۇن زەخمىدىن يۈسۈپ دۈتادۈر قامەتى،
ماتەمى بىر ئەۋنىھال ئەخلى جاندىن بولدى يا.

※ ※

كۆز ياشىم دەرياسىدا قەسرى بىنايى ھەرھۇباب،
فۇرسەتى ئالەم كۆزۈمدە بۇيلە ئابادى خەراب.
ئۆمرىنى بارماقلىغى كەشتىدە ئولتۇرغان كەبى،
كۆرۈنۇر ئەمما ئاتىلغان تىير يەڭلىغ پۇر شتاب.
گىردۇدارۇ، كارۇبارۇ ئېئتىباراتى جەھان،
دەرھەقىقەت كۆز ئاچىپ باقسالى ئاڭا روبادى خاب.
بىر جەھان سەرگەرم مەدھۇشى خىيالى زەۋقى جاھ،
نەشئەدىن خالى قەدەھدەك گەرچە لەبرىزى شەراب.
بەس، بۇ فانى كۆلفەت ئابادىنى ئەسبابىغە بەند،
بولماغىل چۈن ئەنكەبۇتى روزگارى بىھتاب.
بۇيى مەئنىدىن دىماغ جانغە ئىستەرسەن كۆڭۈل،
خاكپايى خوبلاردىن كامكارى ئول كامياب.
زۇلمەتى غەم چۈن شەب دىجۇر يەتمىش باشىمە،
بىچەراغ يارۇەسلى تارتامەن قاتتىغ ئەزاب.
ساقىيا، شامى غەممىنى قويمە بىسۇبھە تەرەب،
مەشرىق مىينا كېتۇر چىقسۇن قەدەھدىن ئافتاب.
خەتى ئەنبەر بارۇگۇل رۇخسارەلەر مەزمۇنىدىن،
چەك بەيازى سەفھەگە يۈسۈف سەۋادى مۇشكناب.

※ ※

باردى يارىم مەن قالىپمەن مۇندە ئاھۇۋا قىلىپ،
گەردى راھىن سۈرمە ئورنىغە كۆزۈمغە جا قىلىپ.
ھۆسن باغىدە قەدى زىيباسىنى شەۋقى بىلەن،
كۆرسەتۇپ كەتتى كۆڭۈل قۇمرىسىنى شەيدا قىلىپ.
بىر تەكەللۇم بىرلە مەندىن نەقد ھۇشىم ئالغالى،
غۇنچەدەك ئەيلەپ تەبەسسۇم باقتى بۇرقەئ ۋا قىلىپ.
شەھ گۇفتارى سەفا بەخشى دىل ئۇششاق ئۇچۇن،

رۇھپەرۋەر لەئلىدىن چۇن جان سۇخەن ئەفشا قىلىپ.
ناز بەزمىدە ھەياتىم خىرمەنىغە ئوت سالىپ،
كۆرمەدىم گۇلفام مەيدىن بىر قەدەھ پەيما قىلىپ.
مەستى لايەئقىل ئەياغىغە تۇشۇپمەن زۇلفىدىن،
كاش، بوينۇمغە سەرى كويىدە ئۇلسەم تاقىلىپ.
جان بىلىپمەن خەستە كۆڭلۇم غۇنچەئى پەيكانلارىن،
ئاتسە جانان تىيرى مىژگانى قاشىدىن يا قىلىپ.
تۇرفە جەللادىكى رەھىم ئەتمەي ئەسرى ھالىغە،
ئۇلتۇرەر يۇز مەن كەبىنى بىر قاشى ئىما قىلىپ.
خىرمەنى سەبرىمنى ياقتى يىلغە بەردى خاكى،
بىر تەبەسسۇم بىرلە باقىپ بەرق ھۇسنى چاقىلىپ.
ئەيلەسەم يۇز شۇكرىكىم غەملىك كۆڭۇل مەئمۇرەسىن،
بۇ خەراب ئاباد ئىبتىپ ئىشقى ئانى مەئۋا قىلىپ.
سەرۋ نازىم خەتۇ زۇلفۇ خالى رۇخسارى بىلەن،
شەۋق بازارىدە كەتتى خەلقنى رەسۋا قىلىپ.
ئەرزى ھۇسن ئەتمەكنى ئىزھار ئەيلەمەس ئۇششاقىغە،
دەير ھۇجۇم ئەيلەر سەرى كويۇمدە ئەل غەۋغا قىلىپ.
شەمئدەك بەزم تەرەبدە راست ئەيلەپ قامەتىن،
يۇز قىيامەت قوزغاتار مىڭ ھەشرنى بەرپا قىلىپ.
لەئل مەي نۇش ئەيلەگەچ غەير ئىلەجانان رەشكىدىن،
كۆزلەرىم ئاقوزدى ھەسرەت ياشىنى دەريا قىلىپ.
ئاھكىم، ئول شۇخ ئىلتار تەرك چەشم مەست ئىلە،
روزگارىم ھاسىلىن بىر غەمزەدىن يەغما قىلىپ.
زۇلفى مۇشكىن بىرلە تىز ئەيلەپ جۇنۇن بازارىنى،
نەقد ئەقل ھۇش ئالۇر ئەلدىن كۇلۇپ سەۋدا قىلىپ.
سايەئى قەددىڭ تىلەپ تۇفراغىغە باردى جانۇ تەن،
قانى ئىشقىڭ ئىستەيۇر دىل ھەم ئۇزىن ئەنقا قىلىپ.
قايدە سەن، ئەي جانى جىسمىم گۇلشەنىدە تازەگۇل،
قالدى كۆڭلۇم ئەندەلىبى ئاھۇ ۋاۋەيلا قىلىپ.
ھۇرغە ھەمزادەدۇر يا مىھرىگە ھەمسايەدۇر،
ئول پەرىنى ھىچ يەردىن بولماغاي پەيدا قىلىپ.
بىرنى مەسجىدسارى ئىندەر شەۋق ئەبرۇيى خەمى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بىرلى تارتار دەير سارى زۇلفى ئىلە تەرسا قىلىپ.
شاد ئەيلەرمۇ مەنى ئول مەھۋەشى خۇرشىدى زاد،
زەررەدەك ئاۋارە سەن ئەھۋالىغە پەرۋا قىلىپ.
يازدى يۇسۇپ گۇشەلى ھەسرەتدە ھەسبى ھالىدىن،
كاغەزى جان پەردەسىدىن خۇنى دىل ئىنشا قىلىپ.

※ ※

يەتۈردى دىلغا مۇسەررەت دەمى خەيالى ھەبىب،
ۋىسالى يار قىبنى دەردى ھەجرىمىزغە تەبىب.
كۆكەرمەدى بۇ چەمەن ئىچرە بىر تىكەنسىز گۇل،
ۋىسال بولمادى ھەرگىز يوق ئىتتىسالى رەقىب.
ۋەفاۋۇ مىھر تاپىلماس خەتا تەلەب قىلمالىك،
زەمانە خوبلارىدىن ئىرۇر بۇ ئەمر ئەجىب.
فىراق شامى بۇ تۈن - تۈن نىدىن فىغان قىلماي،
كى بىرەقىب ماڭا ئولمادى ۋىسالى نەسىب.
نىگار مەست سەبۇ قولدە يۈز ئىتاب بىلەن،
كېلىپ چۇ مەيكەدە سارى قىلۇر مەنى تەرغىب.
دېدىكى: پىرى خەرابات ئاياقىدىن ئۆپكىل،
لىباسى فەقر كىيۈپ ئىستە جامى خۇش تەركىب.
ئوشۇل مەيىكى مەزاسى رىزا بىلەن تەسلىم،
كى بولدى نەشئەسى ئانى ۋىقارۇ سەبرۇ شەكىب.
بەس، ئەمدى بادە كەبى يوق ئىلاج كۆلفەتى دەھر،
چۇ مەست ئەيلە مەنى بەرمەسۇن زەمانە فەرىب.
ۋىسال ساقىئى يۈز شەمئ ئەنجۇمەننى تىلەپ،
مۇراد خاتىرغە يۇسۇفى بولۇرمۇ قەرىب.

※ ※

باشىم غۇبار دەرىلىك بولدى فەتھ باب تەلەب،
كۆزۈم سۇرەرغە ئاياغىلىك ئۈچۈن رىكاب تەلەب.
ھەمىشە مۇزتەرىبىم پەرتەۋ جەمالىك ئۈچۈن،
ۋۇجۇد زەررەنى بىتابى ئافتاب تەلەب.
چۇ گەنج ھۇسن ئۆزە زۇلف ئانى مار سىياھ،
چاقاركىم ئاندىن ئىتەر گەنبەرىن تەناب تەلەب.
دىماغ ئۆرتەمە ئەيلەپ بىنا ئىقامەت ئۈچۈن،

كى فەۋج مەغز قىلۇر قۇببەئى ھىساب تەلەب.
ئوتۇرمە تۇند دەم ئۇر ئەي كەلامى جانپەرۋەر،
ئەزاب ئەيلەمە كۆپ يوقمۇ سەن سەۋاب تەلەب.
كىچە قەدۇ رۇخۇ زۇلفىڭ دۇئاسىن ئەيلەر ئىدىم،
ئۇزاتقانىم ئىدى ئىلكىمنى مۇستەجاب تەلەب.
ئوشۇلدەمكى لەبىڭ نۇش خەندى يىقىتتى مەنى،
كى تا بۇدەم ئىمەزىم ساغەرۇ شەراب تەلەب.
ساچىڭنى ئىسكەدەي ۋەقتى خوتەن كىيىكلارىدىن،
ئانىڭ ئۇچۇن سۇڭىدە بارچە مۇشكناب تەلەب.
زۇلالى ئاتىفەتىڭ ئىستەيۇ بۇكۇلدى قەدىم،
مۇدام تەشنەئى لۇتفۇڭ ئىرۇرمەن ئاب تەلەب.
مەنى ئىرۇر تەلەبىم باشىم ئولسە خاكدەرىڭ،
كىم ئولدى خاكدەرىڭ تاپتى بىھساب تەلەب.
بەھار ئەرزى جەمال ئەتتى ئەلغە شاھىد گۇل،
كەل ئەمدى يۇسۇفى سەن ھۇسنى بىنىقاب تەلەب.

※ ※

ئۇمرى چىكەر جانىم غەمىڭ سەنسىز دىلى ۋايران تۇتۇپ،
جانىم ئىچىدە ئاسرادىم دەردىڭنى مەن دەرمان تۇتۇپ.
يالغۇز ئەمەس مەجنۇن ئۆزى مەن ھەم ئانى مەجنۇنى مەن،
ئۆلسەم فەزىلەت ئاندادۇر ئىشقىن ئانى پىنھان تۇتۇپ.
قانداغ تۇتاي پىنھان ئانى ئىشقىن كۆزۈمنى ياشىدىن،
داغى دىلىمدە لالەدەك باشدىن ئاياغىم قان تۇتۇپ.
كەلسە ئاياغىنە باشىم قويسام كۆزۈمدىن قان ئاقىب،
باقسە تۇرۇپ ئەھۋالىمە قاشدىن قىلىچ ئۇريان تۇتۇپ.
كۆرگەچ ھىلال ئەيدىنى ئىلكىم ئاچىب قىلسام دۇئا،
جان ئالغالى قەسد ئەيلەسە مەن جان ئاڭا قۇربان تۇتۇپ.
ئەي كاش كەلسە بىر كىچە ھالى دىلىم ئايتسام نەچە،
ئايىنەئى رۇخسارىغە باقسام ئۆزۈم ھەيران تۇتۇپ.
ھەر تۈن ئۇپارمەن خاكدەر دۇدى دىلىم ئاھ سەھەر،
كۆپ قويماغىل سالماي نەزەر كويۇڭدە سەرگەردان تۇتۇپ.
ئاب ھەۋايى ئىشقىدە ئانىڭ مۇھەببەت شىۋەسى،
باغى دىلىم خۇررەم قىلۇر ھەردەم كۆزۈم گىريان تۇتۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇسۇپ ۋىسالىن يادەسى فىكرى مەنى سەرگەرم ئېتەر،
ئەي، كاش ئالسە ئەقدمۇش بىر يول قەدەمە جانان تۇتۇپ.

※ ※

رەھىم قىل خەستە زارمەن، يارەب،
ناتەۋانۇ فىگارمەن، يارەب.
غۇسسەن دەھرۇ كۆلفەتى ئەييام-
بىلە مىھنەتكە يارمەن، يارەب
خوبلارنى يۈزىنى كۆرمەك ئۈچۈن،
يولىدا ئىنتىزارمەن، يارەب.
مىھىر يوق ئارەز قۇياشلاردىن،
زەررەدەك بىقەرارمەن، يارەب.
ناتەۋانلىغ يەتۇب قانى قۇۋۋەت،
دەمبەدەم بىمەدارمەن، يارەب.
نەقد ئۆمرۇم خەتا بىلەن كەچتى،
جەزم ئايتۇپ بىشۇمارمەن، يارەب.
قانى فەسلى گۈلۈ بەھارى شەباب،
كۆرمەدىم بىر بەھار مەن، يارەب.
ياردى ھەمزادۇ ھەمقەرىنلارىم،
دىيدەدىن قەترە بارمەن، يارەب.
پىرى شەرمەندەمەن غەفۇرۇ رەھىم،
قەررىب ئۆمىدۋارمەن، يارەب.
كەچۈرۈپ بەس، تەمام غەفلەت ئىلە،
ھەمە لەيلۇ نىھارمەن، يارەب.
ھەيف كىم مەزرەئى تىرىكلىككە،
تۇخمى ئەفسانەكارمەن، يارەب
ئۆتتى ئۆمر ئەزىز بىھاسىل،
يۈسۈف شەرمسارمەن، يارەب.

※ ※

ساقىيا، ئەھمەر قەدەھدە تۇت ماڭا بەيزا شەراب،
مەرد ئەفگەن نەشئەسى ئاتەش كەبى ئەئلا شەراب.
بولسە مىينا سىينەسىدە جۇش ئۇرغان بىشەرەر،
ماھ پەيكەر، بۇيى ئەنبەر، سىيمگۈن زىيبا شەراب.
كۆرسەتىپ رۇخسارىنى يۈز جىلۋە بىرلەن جام ئارا،
نەقد ھۇش ئالماقدە چۈن شوخ قەدەھ پەيما شەراب.
ھەلقەئى بەزم ئىچرە چۈن كەۋسەر كۆرۈلگ توفانى ئەيش،
سورساڭىز كەيفىييەتىن ھەر قەترەسى دەريا شەراب.
تۈركزادى لالەرۇخ ئاھۇ نىگەھ ساغەر تۇتۇپ،
بىرى قىلسە مەست بىخۇد، ئول بىرى شەيدا شەراب.
ئۆزبەك ئايتۇرلار: قىمىزقىزدە مۇھەببەت مىمىدىن،
بۇيلە پىنھان ئەيلەمىش ئەسرارىنى رەئنا شەراب.
تۈند بەدخۇلىك مىزاجىڭگە يەتۇرمەس بەڭگىدەك،
ھەم ئەمەس ئۆمۈل - خەبائىسىدەك ئىشى غەۋغا شەراب.
بىر لىباسى ئاق ساھىب جەزب شەيخ خانىقەھ،

كاشفى سررى نهانۇ كۇهۇ سەهرا جا شەراب.
نەۋبەهار ئەيیامى سەهرا كىيسە ئەخزەردىن لىباس،
خىزردەك ئابى هەياتىن مەنزىلى خىزرا شەراب.
خۇد دەۋايى دەرد بىدەرمانۇ قۇۋۋەت بەخش دىل،
بۇيلە بولماس هىچ هىكمەت خانەدىن پەيدا شەراب.
هەم غەزائۇ هەم مۇفەررىه هەم ئىبرۇر دەفئ ئەتەش،
ئەيلەگەي ئىنساف ئىچىپ كۆرگەندە هەردانا شەراب.
چۇن مەسىها يۇسۇفى ئەنفاسىدۇر جان راهەتى،
قۇيسە سيمىن سائىد سۇنسە يەدى بەيزا شەراب.

※ ※

كىم مۇندە ساڭا ئەيلەسە جەبرۇ جەفا ئۇنۇت،
سەن هەم كىمگە مىهر ئىلە قىلساڭ ۋەفا ئۇنۇت.
قالغاي بارىسى هەرنە يىغىپسەن جەفا چىكۆپ،
بۇ بىۋەفا دەهر نەئىبرۇر بىۋەفا ئۇنۇت.
ئىقبالۇ كىرۇدار جەهاننى سەباتى يوق،
كەچكەي نەفەسدە مىسل نەسىمۇ سەبا ئۇنۇت.
راهەت قايەردە بولسە بۇ كۇلفەت سەرايى دەهر،
بارۇ يوقى بەرابەر رەنجۇ ئىنا ئۇنۇت.
ئۆلمەسچە قاتتىغ ئۇشلاماغىل مالۇ جاهنى،
ئۇمرىڭ يەتۇشسە مىڭگە بولۇرسەن فەنا ئۇنۇت.
نە نامۇ نە نىشانۇ قانى خاك تۇربەتى،
بولدى تەمام شاهۇ غەنىيۇ گەدا ئۇنۇت.
هەركىم كىلىپ جەهانغە گىرىفتارى هىرسۇ ئاز،
نەفسۇ هەۋا قولىدە بولۇر مۇبتەلا ئۇنۇت.
مۇلكى ئەدەمدە ساڭا نەنام ئىردى نە نىشان،
قانداغ قىلىپسەن ئانى سەن، ئەي بىهەيا ئۇنۇت.
مەخلۇق سەنكى خالىقىڭ ئىستەگىل مۇدام،
سەن بەندەلىكنى بىلغىلۇ غەير خۇدا ئۇنۇت.
رەئنايى باغ دەهر كۆرۇپ يىمەگىل فەرىب،
سەندەك هەزار تازەگۇل ئەتمىش ئەدا ئۇنۇت.
نەيەتسە ئەيلە شۇكرۇ قەنائەت كى بەندەلىك،

بۇيۇقتۇر كىتاب تور بېكىتى www.buyuhurkitap.com

قۇللۇغ شۇدۇركى بولماسە سەبر رىزا ئۇنۇت.
ھەقدىن بۇلەكنى بارسى بىگانە يۇسۇفى،
ئانسىز نەكىم تۇتار ئۇزىنى ئاشنا ئۇنۇت.

※ ※

ئەي كۆزۈم دىل كۆزگۈسىن مەھۋ جەمال يار تۇت،
ئانى كويىدە ئۇزۇڭنى ناتەۋانۇ زار تۇت.
گەر تىلەرسەن ۋەسل دەرمانى بىلەن سورماق تەبىب،
دەردى ھەجرۇ فۇرقەتىن تارتىپ ئۆزۈڭ بىمار تۇت.
خاھلارسەن يەتسە دەپ گۇلچىن دامەنىغە قول،
ھەرچەمەندە چۇن تىكەن سىينەڭدە زەخم خار تۇت.
ساقىئى دەۋران ساڭا گەر سۇنسە مىلك جامى مۇراد،
مەست بولمە باخىيرەد بولساڭ ئۆزۈڭ ھۇشيار تۇت.
نەۋ بەھارى ناز ئارا، ئەي زىيب گۇلزارى تەرەب،
بىزنى ھەم بىر جامى ۋەسلىڭ بىرلە بىر خوردار تۇت.
ئەكسى رۇخسار ئەۋۋەل ئاي كۆرمەك سەن، ئەي ئەفسۇردە جان،
بەس، غۇبارى غەيردىن ئايىنە بىزەڭگار تۇت.
تەركى نەڭۇ ئار ئەيلەب تاشلاغىل باشدىن ھەۋا،
جەھلدىن نامۇس قىل نادانلىقىڭدىن ئار تۇت.
مالۇ دۇنيا جەمئى مەقسەد بولسە زاھىد ئەل ئارا،
خىرقە تۇز، سەججادە قۇر، تەسبىھ ئۆگۈر، دەستار تۇت.
بۇيلە بىتەمكىن ئىكەن ئەۋزائى بۇ كۇنۇ فەساد،
جايى شولدۇر يۇسۇفى بىر سايەئى دىۋار تۇت.

※ ※

كۆب قۇۋانمە كۆرمىشىم دەپ نەچچە ئايۇ يىل ھەيات،
سۇد يوقتۇر يۈز مۇنىڭدەك بولسە بىھاسىل ھەيات.
كۆرگەنىڭ بارى ئەبەس فەرمانى رەھمان تۇتماساڭ،
چۇنكى شەيتان ھەم كۆرەر تا سۇۋۇرى ئىسرافىل ھەيات.
ئۆمرى ئەييام بەھارىنى باغىدىن بىر تازە گۇل،
ئۆزمەيىن كەچتى بارى ھەسرەت بىلەن غافىل ھەيات.

كەلمەكۇ كەتمەك گۇزەرگاھىدە رەۋشەن بىل مۇنى،
قانچەكىم ئۇمرىڭ كېچەر بىرلەھزەلىك مەنزىل ھەيات.
خىزر ھىممەت بەر مەسىھادەم كەرەك، ئەي مۇردە دىل،
ئەھلى دىلغە سۇھبەتى دانايى دەريا دىل ھەيات.
بىخەبەر ئولتۇرمە دائىم تۇرماغىڭ ئىمكانى يوق،
بىل يەقىن ھەربىر نەفەس چۇن ناقەيۇ مەھمەل ھەيات.
جام زەۋقى ئىشقىدىن نۇش ئەت مۇھەببەت بەزمىدە،
شەمئىغە پەرۋانەدەك كۆيمەكلىگىنى بىل ھەيات.
مەئرىفەتدىن بىخەبەركىم، ۋايى بىھاسىل ۋۇجۇد،
ئۆتكەرۇرسەن دەمبەدەم فەرياد ناقابىل ھەيات.
يارەب، ئەت فەزلىڭ بىلەن نۇقسانى يۇسۇفنى كەمال،
ھۇرمەت ئول زاتلاركىم كەتۇرەر كامىل ھەيات.

※ ※

ساقىيا، ئولتۇرمە كۆپ بەرمەك ئۇچۇن غەمدىن نىجات،
تۇت ماڭا ئەيلەب كەرەم جامى فەرەھ ئەفزانى بات.
ئەيلەغىل بىخۇد مەنى دەۋرانى ئەيشىڭ بىمەدار،
ئۆزلۇكىمدىن قويماغىل، ئەي جامى دەۋرىڭ بىسەبات.
فەسلى گۇل بىجامى مۇل بەرقىڭ كۇلۇپ يىغلار ھەۋا،
بىر گۇلۇڭ بىخار يوقتۇر، ئەي رىيازى مۇمكىنات.
بۇ بىساتى ئەرسەئى شەشدەركى يۇزمىڭ رەنج ئىلە،
قىل تۇمەن كۆپ لالە رۇخى شاھۇ گەدانى قىلدى مات.
بەھرۇبەر تەسخىرىڭ ئولسە سىيمۇزەر خاكىرەھىڭ،
مىڭ سىكەندەر بول قانى مۇلكى بەقا، ئابى ھەيات.
بۇ زەكائەتلەر ساڭا تەشرىفى ئادەملىغ بىلەن،
باش ـ ئاياغىڭغە باقىپ ئىنسان قىل ھەقدىن ئۇيات.
بولماسەڭ بىر مۇشت خاك تىرە ئېردىڭ بىخىيرەد،
سەندە نە بۇ ھۇسنى سۇرەت نورى ھىسسى مۇدرىكات.
بەسشۇناسۇ خۇدشۇناس ھەق كەمالى مەئرىفەت،
مەئرىفەت شولكىم بولۇر ھەق ئالدىدە فەۋزى نەجات.
يۇسۇفى ۋەھدەت مەيىن ئىستەرسەن ئەتكىل نەفى غەير،
ئىشقى ھەق خۇمغا نەسىدە ئەيلە بان ئىسباتى زات.

ئۇيغۇر كىتاب نۇر بېكىتى
www.uyghurkitap.com



※ ※

ئىلاھا، مۇنكىر، ئەھلى مۇھەببەت باغرىنى قان ئەت،
بەلالارغە يولۇقتۇر كۆزىنى ئىشقىدە گىريان ئەت.
پەرىرولار ئەسىرى ئىشق ئەيلەپ تەڭن تاشىدىن،
باشىغە ياغدۇرۇپ كۆكسىن نىشانى تىيرى مىژگان ئەت.
خەبەرسىز خانەقادە ئىشقىدىن خالى نەماز ئەيلەپ،
ساڭا كىم ئايدى مەردەم كۆزلەرىدە زىكر يالغان ئەت.
دېدىكىم: خاھىشى نەفسىڭ ئۇچۇن تەزۋىرى دامىن قۇر،
قولۇڭدىن كەلگەنىچە مىكرئىلە دۇنيا فەراۋان ئەت.
نەسىھەت تىڭلا مەندىن بىر دەمى ھۇشيار ئولتۇرغىل،
مۇھەببەت ئەھلىدىن بولغىل ئۆزۈڭنى مەھۋ جانان ئەت.
كۆتەرىپ يۈرمە، ئەي زاھىد باشىڭدە كاتتا دەستارىڭ،
ئانى يەر مېنى يەرقىپ كۆيلەكۆ يەر مېنى ئىشتان ئەت.
سەقالىڭ ئۆستۈرۈپ تەشۋىش تارتمە شانە قىلماقدىن،
كېسىپ بىر قەبزەدىن سەن ئارتۇقىن ئالىپ مەكسەبى ران ئەت.
پەرىرو نازىنىنلار بەزمىدە كۆردۈم كېچە ھالىڭ،
لەبىدىن بۇسە ئالغاچ دەرئىدىڭ بىر ئۆزگە ئىھسان ئەت.
رىداۋۇ خىرقە، مەيدىن ئەيلە رەڭگىن سۇبھە تارىن ئۈز،
كۆرەرسەن بۇ سەنەملەردىن ئۆزىڭ باشدىن مۇسۇلمان ئەت.
كېلىپ ئاندىن سوغۇن بىر خەرابات ئىلكىدىن ئۈپكىل،
ئۆزۈڭدىن ئۆزلۈكىڭنى تاشلابان تەكمىلى ئىمان ئەت.
قارىبدۇر يۇسۇفى ياشلار ھەۋاسىدە ھەزىن جانىڭ،
فىدايى نۇفتەئى خالى لەبى بىر لەئل خەندان ئەت.

※ ※

بەھار ھۇسنى ئەيىامىدە، ئەي گۇل سەيرى گۇلزار ئەت،
بىھىشتى قىل چەمەننى يۈز ئاچىپ فىردەۋسى بازار ئەت.
قەدىڭدىن سەرۋغە نازۇك ئەدالىق راست كۆرسەتغىل،
يۈزۈڭ رەئنالىغىنى بەرگى ھەرگۇلدىن نەمۇدار ئەت.
چېكىپ نازۇك بېلىڭغە پەنجەئى گۇلچىنى دامەنىڭ،

ئىرەم تاۋۇسىدەك يۇزمىڭ تەمەننا بىرلە رەفتار ئەت.
رۇخۇ قەددىڭە شەيدا سەرۇ گۇلنى مەن كەبى ئەيلەپ،
سەھەرلەر بۇلبۇلۇ قۇمرىنى فەريادىن شەرەر بار ئەت.
يولۇڭدە فەرش راھىڭ بەرگى گۇلدىن ئەيلەمىش گۇلشەن،
قەدەمىڭدىن ئانى باغى جەنانۇ خۇلدى ئاسار ئەت.
قىزارتۇپ يۇزنى گۇلگۇن بادەدىن مەستانەۋار ئولتۇر،
سۇنۇپ مەي جامى گۇلدە بادە پەيمالارنى سەرشار ئەت.
ئاياق تۇت دەمبەدەم گۇل ۋەقتى ساغەرنى دۇبارەقىل،
چىقارغىل ئۇزلۇكۇمدىن مەست چۇن رىندى سەبۇكبار ئەت.
مۇرىدى ئىشق بولساڭ ھۇسن فەرماندە باش ئويناپ،
مۇرادىڭ تاشلا، مەقسەد قويۇ تەركى نەڭ ئىلە ئار ئەت.
ھەرىم جانۇ دىلدە بولسە بىر گۇل ئىشقىدىن يۇسۇف،
تىكەندىن ئاشيان ئەيلەپ چۇ بۇلبۇل بىستەرىڭ خار ئەت.

※ ※

ھەجرىڭدە مىنى زارۇ خەراب ئەيلەمە، ئەي دوست،
باغرىمنى فىراقىڭە كەباب ئەيلەمە، ئەي دوست.
مىرئات يۇزۇڭ ئايىنەئى دىدەلەرىمدىن،
مەھجۇر تۇتۇپ كۆزنى پۇرئاب ئەيلەمە، ئەي دوست.
لۇتق ئىلە تاقىب گەردەن جان بىرلە كوڭۇلغە،
جۇز ئەنبەر زۇلفىڭنى تەناب ئەيلەمە، ئەي دوست.
خەم بولدى قەدىم سۇرگەلى يۇز خاكى دەرىڭگە،
كەلدىم بۇكۇلۇپ مەئيۇس باب ئەيلەمە، ئەي دوست.
ئۇششاقلارىڭ قەتلىغە مىنگەندە تەكاۋەر،
كۆز ھەلقەسىدىن ئۇزگە رىكاب ئەيلەمە، ئەي دوست.
كۆب خاكىنىشىن راھ غەمىڭدە ئوتۇرۇرلار،
سال بىر نەزەرى مۇنچە شىتاب ئەيلەمە، ئەي دوست.
كەل توبى قەدۇ ھۇر جەمالۇ لەبى كەۋسەر،
يۇسۇفنى فىراقىڭدە ئەزاب ئەيلەمە، ئەي دوست.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە[①]

بارتولد

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ئابدۇقادىر

## سەككىزىنچى لېكسىيە (ئەسلىي كىتاب 139 — 158 ـ بەتكىچە)

مەيلى 12 ـ ئەسىردىكى سامانىي بولسۇن ياكى 13 ـ ئەسىردىكى ياقۇت بولسۇن، يەسى شەھرىنى (بۈگۈنكى تۈركىستان شەھىرى) گەرچە بۇ شەھەرنىڭ نامى 12 ـ ئەسىردىلا مەۋجۇت بولسىمۇ، تىلغا ئالمىغان. شەيخ ئەھمەد يەسەۋى مۇشۇ جايدا تۇغۇلغان. ئەڭ بولمىغاندىمۇ مۇشۇ جايدا ياشىغان ھەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. ئەھمەد يەسەۋى ھىجرىيە 562 ـ يىلى (مىلادىيە 1166 ـ 1167 ـ يىللىرى) ۋاپات بولغان. بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ سايراملىق بولۇپ، بۇ سايرام شىنجاڭدىكى سايرام ئەمەس (شىنجاڭدىكى سايرام ئەينى دەۋردە تېخى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇنى 16 ـ ئەسىردىكى كۆچمەن سايراملىقلار قۇرغان، «ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، XVI، 0188)، بەلكى بۈگۈنكى چىمكەنتنىڭ (ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى، I، 891 ـ بەت) شەرقىدىكى سايرامنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىسپىجاپ ياكى «ئاق شەھەر» (al—madina+al—baida) دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ سايرام مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇچرايدۇ («دىۋان»، II، 133 ـ بەت).

ئەھمەد يەسەۋى (تۈركلەر ئۇنى ئاتا يەسەۋى دەپ ئاتىغان) ئىسلام دىنىنىڭ (بولۇپمۇ سوپىزمنىڭ) تۈركلەر ئارىسىدا تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈركچە يازغان تەسەۋۋۇپ ئېقىمىغا ئالاقىدار شېئىرلىرى زور ئىناۋەتكە ئىگە، شۇنداقلا ھازىرغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلق شائىرلىرى ئۇنى تەقلىد قىلىپ كەلمەكتە. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ تارقالغاچقا، ئۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىلىرى ساقلانمىغان. ھازىرقى نۇسخىلىرى بەلكىم ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي تىلىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن نۇسخىلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەھمەد يەسەۋى توغرۇلۇق، پۈتۈنلەي كېيىنكى دەۋرلەردە تارقالغان رىۋايەتلەر ئارقىلىق بىر قىسىم نەرسىلەرنى بىلەلەيمىز. بۇ خىل رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەھمەد يەسەۋى بىر تۈرك ئۇستازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئارسلان

---

① كىتاب شىمىن ئەپەندىنىڭ نەشىرىدىن ئىشلەنگەن خەنزۇچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى، بېشى ئالدىنقى ساندا.

باب ئىدى ( ئارسلان باب ياكى باب ئارسلان. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەرەب تىلىدىكى باب دېگەن بۇ سۆزنىڭ «ئىسلام دىنى تارقاتقۇچى ئۇستاز» دېگەن مەنىسى بار) . ئارسلاننىڭ ئوغلى مەنسۇر ئاتا يەسەۋىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئىزباسارى ئىدى. يەسەۋىنىڭ ئۆزى بولسا پارس تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىكى يۈسۈپ ھەمدانىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد ئىزباسارى ئىدى. يۈسۈپ ھەمدانى ھەمداندىن تۈركىستانغا كەلگەن ھەم 1140 ـ يىلى مەرۋىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ مەرۋىدە سوپى ئېقىمىنىڭ شەيخى بولۇپ، مۇشۇ مەزھەپكە يېتەكچىلىك قىلغان. ئەلى بىننى ھۇسەين ئەل كاشغىرنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، يۈسۈپ ھەمدانى تۈرك تىلىنى بىلمەيتتى، بىراق بۇ ئۇنىڭ تۈرك تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنى يارىتىشىغا توسالغۇ بولالمىغان. يۈسۈپ ھەمدانىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد ئىزباسارى يەسەۋىنىڭ بىۋاستە ئۇستازى شەيخ مۇھەممەد ھەسەن ئىبنى ھۇسەين ئەنداقى بولۇپ، ئۇ 1157 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، ئەنداقى توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش ھەم ئۇنىڭ دوستى سامانىي بىر قىسىم خاتىرىلەرنى قالدۇرغان، بىراق يەسەۋى توغرۇلۇق ھېچنېمىنى تىلغا ئالمىغان، ھەتتا ئۇنىڭ لەقىمى نىسبە (nisbe) توغرۇلۇق سامانىي ئۆزىنىڭ لەقەملەر توغرۇلۇق يازغان ئەسىرىدىمۇ توختالمىغان («ئىسلام ژۇرنىلى»، XVI، 112 ـ بەت).

تۈرك ئۆلۇغلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان ئەھمەد يەسەۋىگە بولغان چوقۇنۇش سىر دەريا ۋادىسىدا ئۇزۇن زامانلارغىچە ساقلانغان بولۇپ، 14 ـ ئەسىردىكى تېمۇرمۇ ئۇنىڭغا ئاتاپ ھەيۋەتلىك قەبرە سالدۇرغان ئىدى. بۇ نۇقتا شۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئىزباسارلىرى ئىچىدە نۇرغۇنلىرى تۈركچە يېزىقچىلىق قىلالاتتى ھەم تۈركچە تەخەللۇس قوللىناتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھاكىم ئاتا ياكى سۇلايمان بەكىرخانى دەيدىغان بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ پائالىيىتى خارەزىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھاكىم ئاتىمۇ ئەھمەد يەسەۋىگە ئوخشاش تۈرك تىلىدا بىر پارچە تەسەۋۋۇپ ئەقلىيە سۆزلۈكلىرى توپلىمى يازغان ئىدى. بىراق، ئۇ ئۇنى شېئىرىي شەكىلدە ئەمەس، نەسرىي شەكىلدە يازغان. ھاكىم ئاتىنىڭ ئەقلىيە سۆزلۈكلىرىمۇ يەسەۋىنىڭ ئەسىرىگە ئوخشاش چۈشىنىشلىك، ئاممىباپ تىلدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇ كەڭ ئامما ئۈچۈن يېزىلغان ئىدى.

خارەزىم ۋە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن مەدەنىيەت ئالاقىسى بار بولغان شەھەرلەر موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەدەبىيات ھەم ئىلىم ـ پەن پائالىيىتىنىڭ سەھنىسى بولغان ئىدى. بۇلېكماننىڭ «ئەرەب ئەدەبىيات تارىخى» دا، خارەزىم ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا يېزىقچىلىق قىلغان نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. بىلىشىمچە، كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان يازمىلار بەلكىم بۇ خىل تىزىملىكنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋېتىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ زور كۆپى دىنىي ئەسەرلەر، بىراق بۇ ئەسەرلەرمۇ پەقەت تەسەۋۋۇپچىلار بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە مېنىڭ بىلىشىمچە خارەزىم تىلىدا يېزىلغان ماتېرىياللارمۇ بار. 12 ـ ئەسىردىكى خارەزىم ئۆلىمال-

www.uyghurkitap.com



رى ئىچىدە زەمەخشەرى ھەم شەھرىستانىغا ئوخشاش دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئالىملارمۇ
بار ئىدى. مۇھەممەد ئىبن قەيس ئاتلىق بىر ئالىم خارەزىم شاھى جالالىددىن ئۈچۈن تۈرك
تىلىغا ئالاقىدار بىر «چولڭ كىتاب» (ئەرەبچە) يازغان ئىدى. بۇ مەھمۇد قەشقىرىدىن كېيىن
يېزىلغان تۈرك تىلىغا ئالاقىدار ئەسەر بولۇپ، ئەپسۇسلىنارلىقى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمە-
گەن. ئىبن مۇھەننا شۇ كىتابتىن نەقىل ئالغان. تۈركلەر ئەينى دەۋردە خارەزىمدە مەۋجۇت
بولۇۋاتقان يۈكسەك مەدەنىيەتنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەنگەنلىرى
ئارقىلىق تۈرك - ئىسلام ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان. دەسلەپكى موڭغۇل
دەۋرى تۈرك - خارەزىم ئەدەبىياتى بولمىغاندا ئىدى، خارەزىم يەنى، ئادەتتە ئېيتىلىپ
كېلىۋاتقان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ موڭغۇل دەۋرىدىكى تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىگىلىگەن
ئورنىنى چۈشىنىش تەسكە توختايتتى، ئەمما بۇ نۇقتا ھازىر تېخىمۇ ئېنىق بولدى. خارەزىمدە-
كى ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن كېلىپ چىققان بىر شائىر 1353 - يىلى بىر ئەسەر يازغان
بولۇپ (خارەزىمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» سىنى كۆرسىتىمىز)، بۇ ئەسەر تېمۇر دەۋرىدىن كېيىن-
كى چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان. بۇ ئەسەر يازغۇچى تۇغۇلغان خارەزىم
(يازغۇچىنىڭ تەخەللۇسى خارەزمى) دە يېزىلماستىن، بەلكى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى
ئېقىمىدا يېزىلغان (برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانغان نۇسخىسىنىڭ نومۇرى 8193، 312 - بەتتە
«سىر ياقىسىدا» دەپ يېزىلغان، شۇنداقلا ئا. سامويلوۋىچنىڭ «مىرئەلشىر» دېگەن ماقالە-
سىغا قاراڭ، لېنىنگراد، 1928 - يىلى 17 - بەت). شائىر خارەزىمىنىڭمۇ (مەن كۆنستانت-
تىنپولدا بېكىتكەنگە ئوخشاشلا) پىشۋاسى بار ئىدى. ھازىرقى ساقلىنىۋاتقان قۇتۇبنىڭ
داستانى «خۇسرەۋ - شىرىن» (پارىژ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، قەدىمكى تۈرك تىلىدا
يېزىلغان نۇسخىسى، نومۇر : 312) خارەزىمىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاش جانىبېك دەۋرىدە
يېزىلغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىنىسى تىنىبەككە تەقدىم ئېتىلگەن، ئەينى چاغدا تىنىبەك
تېخى «شاھزادە» ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەسەر ئۆزبەكخان (تىنىبەكنىڭ
ئاتىسى) دەۋرىدە، يەنى 1340 - يىلىدىن بۇرۇن يېزىلغان. سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى
ئېقىمىدىكى چىمكەنت شەھىرىدە، 13 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ھېسامىددىن ھەمىد
ئىبن ئاسىم ئەل بارچىنلىقى ئىسىملىك بىر قانۇنشۇناس ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئۈچ خىل تىلدا
يېزىقچىلىق قىلالايتتى. جامال قارشى (ئۇ بۇ كىشىنى تونۇيتتى) بۇ كىشى ھەققىدە، «ئۇنىڭ
ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى پاشاھەتلىك، پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى ئۆتكۈر،
تۈرك تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى بولسا ھەققىي ئىدى»، دېگەن (بارتولد: «تۈركىستان»،
بىرىنچى قىسىم، ئەسلىي تېكىست 151 - بەت).

جامال قارشى 1230 - يىلى ئالمالىقتا تۇغۇلغان (بۇ كىشى 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىد-
غىچە ھايات ياشىغان)، بىراق كېيىنچە ئاساسلىقى قەشقەردە ياشىغان. ئۇ ھىجرىيە 672 - يىلى،
مىلادىيە 1273 - 1274 - يىللىرى چىمكەنتكە بارغان ھەم ئۇ جايدا ھېسامىددىن بىلەن

تونۇشقان («ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، XI، 207)، جامال قارشىنىڭ بايانلىرى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى 13 ـ ئەسىرلەردە تۈركىستان مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل تەسىرنى تاكى يېقىنقى مەزگىلگىچە ئاسىيالىقلار بولمىسۇن ياكى ياۋروپا ئالىملىرى بولمىسۇن بايقىمىغان ئىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا بابۇر چاغاتاي كلاسسىك شائىرى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى پەرغانىنىڭ ئەنجان شەھىرى دىئالېكتىدا يېزىلغان، دەپ قارىغان ئىدى. 1888 ـ يىلى رادلوف («ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، II، I نىڭ تۈۋىنىدە) بابۇرنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، چاغاتاي تىلىنى بىر خىل كىشىلەرنى ئاساس قىلغان كىتابىي تىل (ئەدەبىي تىل)، ئۇنىڭ ھەرقانداق يەرلىك دىئالېكت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، دەپ قارىغان ئىدى. ئۇ يەنە چاغاتاي تىلىنىڭ مەنبەسى شەرقىنىڭ غەربكە بولغان مەدەنىيەت تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن (ئەينى چاغدا ئورخۇن مەڭگۈ تېشى تېخى بايقالمىغان) تاكى 1310 ـ يىلى يېزىلغان «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا» غىچە بولغان تەسىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان ئىدى. رادلوف «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا» نى ساپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، چاغاتاي تىلىنى بولسا ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا 14 ـ ئەسىردە تارقالغان، دەپ قارايدۇ (14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى توختامىش ھەم تۆمۈر قۇتلۇقنىڭ تىلى). ئۇنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ پەرمانلارنى «چاغاتاي ئەدەبىي تىلىغا پىششىق» بىرسى يازغان. ئەينى چاغدا چاغاتاي تىلى پەقەت ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تۈركىستانغا كۆرسەتكەن مەدەنىيەت تەسىرى ئاستىدىلا شەكىللەنگەن، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى دەپ قارىغىلى بولمايتتى.

مۇڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى بولمىغاندا ئىدى، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى شەكىللەنمىگەن بولاتتى.

تارىخچى راشىدىنىڭ ئالدىنقى مۇڭغۇللار دەۋرىدىكى تاتار قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن بۇئىرنور (Buir—Nor) دا ئولتۇراقلاشقان تاتارلار دۆلىتىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشى ھەممىگە مەلۇم. ھازىر تاتار دېگەن بۇ سۆزنىڭ ناھايىتى بۇرۇندىن باشلاپلا ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلدۇق (ئورخۇن ئابىدىلىرىدىن، 8 ـ ئەسىر باشلانغاندىن باشلاپ). بۇ سۆز 10 ـ ئەسىردىكى «ھۇدۇدۇل ئالەم» دېگەن كىتابتا، 11 ـ ئەسىردىكى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋان» ىدا ئۇچرايدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەردىن قارىغاندا، بۇ سۆز ئەسلىدە مۇڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرنى كۆرسىتەتتى. راشىدىنىڭ بايانى ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مۇڭغۇل تىلى ھەم تۈرك تىلىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى بۈگۈنكىدىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى ياكى ئوخشايتتى. مۇڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغانلاردىن نايمانلار بار بولۇپ، ئۇلار ئورخۇن دەرياسىدىكى غەربىي مۇڭغۇللاردىن تاكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىغىچە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شىمالىي قوشنىسى بولغان يېنسەي دەرياسىنىڭ مەنبەسى «سەككىز مۆرەن» دىكى ئويراتلارغىچە بولغان جايلارنى ئىگىلىگەن. «سەككىز مۆرەن» دېگەن بۇ ئىسىممۇ مۇڭغۇل

تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ ئارىلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ («سەككىز» بولسا تۈرك تىلى، «مۈرەن» بولسا موڭغۇل تىلى بولۇپ، «دەريا» دېگەن مەنىدە). ئۇيراتلارنىڭ شىمالىدا يېنىسەي بويىغا ئولتۇراقلاشقان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغانلاردىن قىرغىزلار بار ئىدى. ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى نايمانلارغا قوشنا بولغان تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغانلاردىن قاڭلى، قىپچاق، يەنە قارلۇقلار بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ پايتەختى قايالىق ئىدى. بۇ شەھەر 12 ـ ئەسىرلەرگە يېقىن يەتتىسۇ رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىغا قۇرۇلغان.

شۇڭا، سىر دەرياسى (دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) رايونى پەرغانىدىن ئارال دېڭىزىغىچە بولغان رايونلاردا خارەزمىنىڭ چېگرىسى ھېسابلىناتتى، ئىلگىرى غەربىي لياۋغا مەنسۇپ بولغان باشقا مۇسۇلمان رايونلىرى (ئەڭ شىمالدىكى قارلۇقلار دۆلىتىدىن باشقا رايونلار چىڭگىزخانغا مەنسۇپ ئىدى) كۈچلۈك ھاكىمىيىتىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ شەرقتىن كەلگەن نايمانلارنىڭ باشلىقى ئىدى، شۇنداقلا نېستورىئان دىنىنىڭ مۇرىتى ئىدى. بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ غەربىي لياۋدا دىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىنىنى بۇددا دىنىغا ئۆزگەرتىۋەتكەن. كۈچلۈك 1211 ـ يىلى گورخان (غەربىي لياۋ) ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىۋالدى.

بۇ ۋاقىتتا، يەنى 1211 ـ 1214 ـ يىللىرى ئالمالىق شەھىرىدە (بۇ شەھەر بۇنىڭدىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ھازىرقى ئىلى رايونىدا) بىر يېڭى مۇسۇلمانلار دۆلىتى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كىچىك دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى ئەسلىي بىر باندىت ھەم ئات ئوغرىسى ئىدى، بىراق بۇ ئۇنىڭ بىر سۇلالىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇشىغا توسالغۇ بولالمىغان. بۇ كىچىك دۆلەت تاكى 14 ـ ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئۇ باشتىلا چىڭگىزخانغا ئىتائەت قىلغان. كۈچلۈك بىر قېتىملىق ئوۋ ئوۋلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ خانىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بىراق باشقا ھايات قالغانلار كۈچلۈك قوشۇنى قەلئەنى قورشىۋالغاندا، تاكى موڭغۇللاردىن ياردەمگە كېلىپ مۇھاسىرىنى بۇزغانغا قەدەر ئالمالىق شەھىرىنى قوغداپ تۇرغان. كۈچلۈك چىڭگىزخان قارامىلىقىدىكى يەنە بىر ئەل قارلۇق ئارسلانخانغىمۇ ھېچقانداق ھەرىكەت ئىشلەتمىگەن، ئۇ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قەشقەر رايونىنى ئىگىلىگەن. بۇ رايوننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، كۈچلۈك بۇ رايوندا تارىختىكى تۇنجى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئىسلام دىنىغا بولغان زىيانكەشلىكنى يۈرگۈزگەن. ئېيتىشلارغا ئاساسلانغاندا، كۈچلۈك شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنى غەربىي لياۋچە كىيىنىشكە مەجبۇرلىغان، ناماز ئۆتەشنى چەكلىگەن. ئۇ خوتەندە بىر ئىمامنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ يەنە ھەربىر مۇسۇلمان ئائىلىسىگە بىردىن نايمان ئەسكەرنى كۆزەتچىلىككە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇنداق ئەھۋالدا، مۇسۇلمانلارمۇ خارەزىم شاھىنىڭ ھېچقانداق ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن، پەقەت 1218 ـ يىلى موڭغۇل قوشۇنى يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ خىل ئېزىلىشتىن قۇتۇلغان.

بۇ ۋاقىتتا خارەزىم شاھ يەنىلا دىنسىزلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇ-

رۇۋاتاتتى، ئۇ زەربە بېرىش ئوبيېكتىنى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان، تەشكىللىنىشى ناچار دۈشمەن — قىپچاقلارغا ئۆزگەرتكەن ئىدى. بۇ جايدا، يەنى ئىرگىز ئەتراپىدا خارەزىم شاھ قوشۇنى بىلەن غەربكە قاچقان مەركىتلەرنى قوغلاپ زەربە بېرىشكە قاتناشقان شۇچى رەھبەرلىكىدىكى موڭغۇل قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا تاسادىپىي گىرەلەشمە جەڭلەردىن قانچە قېتىملاپ يۈز بەردى.

## توققۇزىنچى لېكسىيە (ئەسلىي كىتاب 159 ـ 179 ـ بەتكىچە)

14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، خارەزىم بىلەن ۋولگا دەرياسى رايونىنىڭ مۇناسىۋىتى سىر دەرياسى رايونىغا قارىغاندا يېقىن ئىدى. ئۆزبەكخان دەۋرىدە ۋولگا دەرياسى رايونى بىلەن خارەزىم شەھىرى ئۆزبەكخان نامىدا بىرلا ۋاقىتتا تەڭگە قۇيدۇرغان ئىدى. ئەمما، سۇغناقتا ئەينى دەۋردە باشقا بىر خاننىڭ (شۇچى تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولسا كېرەك) نامىدا تەڭگە قۇيدۇرۇلغان ئىدى. شۇچى ھەم ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ تېررىتورىيىسى غەربىي لياۋنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىن، يەتتىسۇ رايونىنىڭ بىر قىسمى، قايالىق شەھىرى، شۇنداقلا ئادەتتە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئېرتىشتىن ئالاكۆل، ئىلى ھەم سىر دەرياسىغىچە بولغان پۈتكۈل رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا باشلىغان ئىدى. پلانو كارپىنى (plano Carpini) 1246 ـ يىلى شەرققە كەلگەندە، شۇچىنىڭ چوڭ ئوغلى ئوردا بۇ رايونىنىڭ شەرقىدىكى ئىرتىش دەرياسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا تۇراتتى. غەربى تەرەپ، يەنى ئىلى دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلار شۇچىنىڭ كىچىك ئوغلى شىبەنگە تەۋە ئىدى. مۇسۇلمان يازغۇچىلار كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنى شەيبان دەپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەتكەن. شۇڭا، 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى شىبەننىڭ كېيىنكى ئەۋلادى، يەنى ئۆزبەكخان دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەرەب قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن ئىسىمداش بىر شائىرنىڭ ئىسمى بولغان شەيبانى دېگەن ئىسىمنى قوللانغان (شەيبانى سۇلالىسى توغرىسىدا بارتولدنىڭ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 294 ـ بەتتىكى ماقالىسىگە قاراڭ).

ئەبۇل غازىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، شىبەن ئۆز قېرىندىشى بودۇ («ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» گە قاراڭ، I، 709 ـ بەت) ئارقىلىق ئوردا تېررىتورىيىسى ئارىلىقىدىكى جايغا ئىگە بولغان. ئۇ يازنى ئۇلار دەرياسى بىلەن ئۇلار تېغىنىڭ شەرقىدىكى يەنى ئىلىك دەرياسى ساھىلىدىكى ئىرغىز ئورادا ئۆتكۈزسە، قىشنى ئاراقۇم (؟)، شۇنداقلا سىر، چۇ دەرياسى ساراسۇ قىرغىقىدىكى قاراقۇمدا ئۆتكۈزەتتى.

ئەبۇل غازى 17 ـ ئەسىردىكى يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى ئوردا، بودۇ ھەم شىبەن بىلەن دەۋرداش پىرانو كارپىنىنىڭ خاتىرىلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. شىبەننىڭ ۋارىسلىرى

www.uyghurkitap.com



باشقا جايلاردىمۇ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. راشىدىنىنىڭ خاتىرىسىگە (بولۇش نۇسخىسى، 117 - بەت) ئاساسلانغاندا، شىبەنىنىڭ نەۋرىسى تىرىك يەرلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئىدى. شىبەنىنىڭ زېمىنى تاكى 15 - ئەسىرگىچە يەنىلا ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇنىڭ نەسەبنامىسىنى (چوڭ زىددىيەت يوق) ئەبۇلغازى كۆرگەن ھەم 15 - ئەسىردىكى بىر نامى ئېنىق بولمىغان تارىخچىنىڭ نەسەبنامە ئەسىرى «ئېسىلزادىلەر نەسەبنامىسى»دە، شۇچى خانلىقىغا مەنسۇپ ھەرقايسى قەبىلىلەر ئىچىدە شىبەنىنىڭ ۋارىسلىرىغا مەنسۇپ رايونلاردىكى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار يازمىلار ئەڭ كۆپ ساقلانغان. بىراق شىبەن رايونىدا ھاكىمىيەت ئوخشاش بىر خانلىق نەسەبىدىلا 200 يىلدىن كۆپرەك ساقلانغان. بۇ كۆچمەن چارۋىچى خەلق ئارىسىدا ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. شىبەنىنىڭ ۋارىسلىرى شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ ئاز ئۇچرىغان بولغاچقا، چارۋىچى خەلقىنىڭ ئۇرۇشقاقلىق ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان، شۇڭا چىڭگىزخان ھاكىمىيىتى ھەممىلا يەردە پۈتۈنلەي يوقىلىشقا باشلىغاندا، ئۇ تاجاۋۇزچى رولىنى ئالغان.

ئەمەلىيەتتە، شۇچى خانلىقىنىڭ غەربىدە (بۇ يەرگە ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بودۇ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ئاتىسىنىڭ تېررىتورىيىسىدىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ئىدى) موڭغۇللار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتە زور گۈللىنىش بارلىققا كەلگەن ئىدى. موڭغۇللار ئۆزلىرى يوقاتقان ۋولگا بۇلغار خانلىقى چېگرىسى ئىچىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئۇرۇسلاردىن ئالىدىغان ئولپان بىلەنلا قانائەتلەندى ھەم ئۇ جايدا تۇرۇشلۇق ۋەكىل ئەۋەتتى. موڭغۇل قوشۇنى 1223 - يىلى رۇسىيىنىڭ بەنشىدىن چىڭگىزخاننىڭ يېرىگە قايتىشىدا، بۇلغارلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ، چوڭ زىيان تارتقان. شۇنىڭ بىلەن 1236 - يىلى موڭغۇللار بۇلغارلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن، بىر ھۇجۇم بىلەنلا بۇلغار خانلىقىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ پايتەختىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. بىراق، ۋەيران قىلىۋەتكەن پايتەخت تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئۇ يەردە ھازىرغىچىلىك ساقلىنىپ قالغان قۇرۇلۇش ھەم مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇللار دەۋرىگە مەنسۇپتۇر. ئاشۇ بىر دەۋردە بۇلغار شەھىرى شۇچى خانلىقى دائىرىسى ئىچىدىكى بىردىنبىر موڭغۇل خان پۇل قۇيۇپ تارقاتقان شەھەردۇر. مەڭگۈ تاشلاردىن ئاھالىلەرنىڭ تاكى 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە موڭغۇللار دەۋرىدىن بۇرۇنقى تىلنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز، بۇ تىلنىڭ قالدۇقى بۈگۈنكى چۇۋاش تىلىدۇر. بىراق، ئۇلار تەدرىجىي قىپچاق - تۈرك تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تۈرك تىلى بۇ جايدىمۇ موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوخشاش تەدرىجىي دۆلەت تىلىغا ئايلانغان. 14 - ئەسىردىكى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا قۇرۇلغان شەھەر (قازان شەھىرى) لەردىمۇ، باشتىن باشلاپلا تۈرك تىلى قوللىنىلغان. ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا بودۇ دەۋرىدىلا يېڭى شەھەرلەر بەرپا قىلىنغان. دىن تارقاتقۇچى لۇبلوك 1253 - يىلى موڭغۇللار زېمىنىغا بارىدىغان يولدا، يەنى ۋولگا دەرياسى

ۋادىسىدا «رۇسلار ھەم سالاسىنلار (يەنى مۇسۇلمانلار) تاتارلار ئۇچۇن قۇرۇپ بەرگەن بىر يېڭى ئاھالىلەر رايونىنى كۆرگەن، ئۇلار بودۇ ئوردىسىغا بارىدىغانلارنى ھەم ئۇ يەردىن قايتقان ئەلچىلەرنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىكەن». بۇ جاي سالاتوۋى ئەتراپىدىكى كېيىق (ukek) دەپ ئاتالغان جاينى كۆرسىتىدۇ. 1254 - يىلى موڭغۇللار يېنىدىن قايتىپ كېلەشىدە لۇبلوك ساراي دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر يېڭى شەھەرنى ئۇچراتقان. بۇ بودۇ ئادىلىر (ۋولگا) دەرياسى ۋادىسىغا قۇرغان بىر شەھەر. لۇبلوك بۇ شەھەردىن ئۆتكەن. ئۇ پەقەت «ساراي ھەم بودۇ ئوردىسىنىڭ دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدا» ئىكەنلىكىنىلا تىلغا ئالغان، ئۇ شەھەر ھەم ئوردا ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمىغان. مۇشۇ جاينىڭ ئەتراپىدا، يەنى ۋولگا دەرياسى تارماق ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا دەسلەپكى موڭغۇل دەۋرىگە مەنسۇپ بىر شەھەر بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، موڭغۇللار بۇ شەھەرنى سەككىز يىلدىن ئۇزۇنراق قورشاپ ھۇجۇم قىلغان.

ساراي پارسچە سۆز بولۇپ، تۈركلەر بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن. بۇ سۆز «قۇتادغۇبىلىگ» تە ئۇچرايدۇ، موڭغۇللار دەۋرىدە بۇ سۆز خان تۇرۇشلۇق جايلار ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنى ئاتاشقا قوللىنىلغان. ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى ساراي شەھىرىنىڭ ئورنى ئىلىم ساھەسىدە تېخى ھەل بولمىدى. تەڭگە ھەم بىر قىسىم يازمىلاردا خاتىرىلەنگەن يېڭى ساراي شەھىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر، ئىككى شەھەر ياكى بىرلا شەھەرنى ساراي شەھىرى دەپ ئاتىغانلىقىدەك مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لۇبلوكنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بودۇ قۇرغان بىرىنچى ساراي شەھىرىنىڭ خارابىسى بۈگۈنكى سىلىتىرىننى كەنتىدە، يەنە بىر ساراي شەھىرى بودۇنىڭ قېرىندىشى بىرىكنىڭ ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كارېيۋغا جايلاشقان. ئۇ جايدا ساقلانغان خارابە ھەم قېزىۋېلىنغان يازمىلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر تارىختا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ھازىر، مەن (ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى ساراي شەھىرى توغرۇلۇق «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، IV، 16 - بەتكە قاراڭ) سىلىتىرىننىيگە جايلاشقان ساراي شەھىرى بودۇ قۇرغان ساراي شەھىرى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ قېرىندىشى بىرىكنىڭمۇ ساراي شەھىرى ئىدى. كارېيۋدىكى يېڭى ساراي شەھىرى بولسا، ئۆزبېكخان دەۋرىدە قۇرۇلغان بولۇپ، جانىبېك دەۋرىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان، دەپ قارايمەن. شۇڭا، تارىخىي ماتېرىياللاردىكى بىرىكنىڭ ساراي شەھىرى ئۆزبەكخان دەۋرىدىكى ساراي شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر قولىمىزدا ھىجرىيە 710 - يىلى، يەنى مىلادىيە 1311 - 1310 - يىللىرى ئۆزبېكخان تەختكە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىلگىرى يېڭى ساراي شەھىرىدە قويۇلغان تەڭگە بار. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرسى ماڭا كونستانتىنىپولدا مىلادىيە 1305 - يىلى يېڭى سارايدا يېزىلغان سوفىزمغا ئالاقىدار بىر ئەسەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان. «يېڭى» (ئەرەبچە الجديد) دېگەن بۇ سۈپەت سۆزى موڭغۇللار دەۋرىدىكى جەنۇبىي رۇسىيىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنىڭ تەڭگىسىدە ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ

ئوخشاش ئىككى شەھەر (يېڭى، كونا) نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ھازىرچە مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيمىز. شەھەرنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى شەھەر رايونى «يېڭى شەھەر» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇچى تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ ئەكسىچە، بۇدۇ ھەم بىرىگنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ تېررىتورىيىسىدىكى شەھەر تۇرمۇشى تېخىمۇ تەرەققىي تاپقان ئىدى. نۇرغۇن شەھەرلەردە تەڭگە قۇيۇپ تارقىتىلغان، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ھەربىر شەھەرنىڭ تەڭگىلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ساراي ھەم باشقا جايلاردىن تېپىلغان قېزىلمىلارغا ئاساسەن، كىشىلەر ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ (بۇ رۇسىيە يىلنامىلىرىدىكى ئىسىم بولۇپ، بىلىشىمچە بۇ ئىسىم شەرق تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇچرىمايدۇ) مەدەنىيىتىنى مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى، ھەتتا تاتارلارنىڭ مەدەنىيىتىنى مۇلاھىزە قىلدى. بۇ مەسىلىنى خېلى ئۇزۇنغىچە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تاكى بىز قايسى مىللەت ئۇ شەھەردە ياكى شۇ جايدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىنى ھەم ئىسلام دىنى ۋە تۈرك تىلىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان بۇ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى بىلگىنىمىزگە قەدەر بۇ مەسىلە تەتقىق قىلىنىشنى كۈتىدۇ.

ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا موڭغۇل تەركىبى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى، شۇڭا تۈرك تىلى ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن موڭغۇللار قەبىلىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. بۇدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بىرىگلارنىڭ ھەممىسى پۈتكۈل ئىمپېرىيىنىڭ ئىشلىرىنى قارار قىلىشقا قاتنىشاتتى ھەم ئۇلار مۇشۇ مەقسەتلىرى ئۈچۈن موڭغۇللار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان ئىدى. لوبلۇك 1253 - يىلى پۈتكۈل ئىمپېرىيىنىڭ بۇدۇ ھەم موڭغۇلىيىدە تۇرۇشلۇق چوڭ خان مەنگۈدىن ئىبارەت ئىككى كۈچ دائىرىسىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ چېگرىسى ئوردۇس دەرياسى بىلەن چۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايونلاردىن ئۆتەتتى. مۇسۇلمان يازغۇچىلارمۇ ماۋەرائۇننەھر شەھىرىنىڭ بۇدۇ ھەم بىرىگقا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشىدۇ. 1260 - يىلدىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئالغۇنىڭ دۆلىتى كۈچىيىپ، ئىلگىرى ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا تەئەللۇق بىر قىسىم رايونلارغىچە كېڭەيدى. ئالغۇ خارەزىم شەھىرىنى ئىگىلەپ بىرقانچە يىلدىن كېيىن بىرىگنىڭ قولىدىن ئوترار شەھىرىنى تارتىۋالدى ھەم ئۇنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇ بىر رايون بىرقانچە يىلدىن كېيىنلا يەنە ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا مەنسۇپ بولدى. بىراق، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى داۋاملىق شەرققە كېڭەيمىدى. بىرىگ (1257 - 1266) ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىلا ئالتۇن ئوردا خانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق شەخس تەرىپىدىن مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىققا ئۆزگەرگەن ئىدى («ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، I ، 737 «بىرىگ»). گەرچە كېيىنكى خان مەنگۇ تۆمۈر ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا ئولتۇرغاندىن باشلاپ ئۆز نامى بىلەن تەڭگە قۇيدۇرغان بولسىمۇ، شۇچى

جەمەتىدىكى بارلىق باشقا خانلارمۇ نام جەھەتتىنلا ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا قارام ئىدى (ئوردا ھەم شىبەننىڭ ۋارىسلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، قاراملىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق رېئال مەنىسى يوق ئىدى. بىر قىسىم تارىخچىلار ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى كۆك ئوردا خانلىقى، ئوردىنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئاق ئوردا خانلىقى دەپ ئاتىشىدۇ، بىراق ئۇنىڭغا موڭغۇلچە ئىبارە قوللىنىلماي، تۈركچىدىكى «كۆك»، «ئاق» قوللىنىلغان. بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردا «كۆك ئوردا خانلىقى» دېگەن بۇ نام ئوردىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئاتاشقا قوللىنىلغان. 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان بىر نامى ئېنىق بولمىغان تارىخچى (بۇ ھەقتە لى ئۇۋنىڭ پارسچە يازمىسىنىڭ كاتالوگى 1062 ـ بەتكە قاراڭ) مۇنداق دەيدۇ: توغتاخان (1290 ـ 1312، بۇ نام موڭغۇل خانى 1305 ـ يىلى فرانسىيە خانلىقىغا يوللىغان مەكتۇپتا ئۇچرايدۇ) تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە، شاھزادە نوغاي (Nogai، 1300 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەن) توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، توغتاخان بىلەن شاھزادە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن خانلىق ئاق ئوردا (شەرقتە)، كۆك ئوردا (غەربتە) دەپ بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، ئاق ئوردا خانلىقى بولسا نوغاينىڭ ۋارىسلىرىغا مەنسۇپ بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا ھەرگىزمۇ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدۇ ھەم بۇ 15 ـ ئەسىردىكى پارسلارنىڭ شۇچىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ تارىخىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەبۇل غازى شىبەننىڭ تېررىتورىيىسىنى ئاق ئوردا دەپ ئاتىغان ئىدى. ئوردا ھەم شىبەننىڭ تېررىتورىيىلىرىدىن باشقا، ئالتۇن ئوردا خانلىقى باشتىلا چىڭگىزخاننىڭ باشقا ئەۋلادلىرىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قارىغاندا كۆپ مۇستەھكەم دۆلەت ئىدى. ئايرىم جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئوردا ھەم قوشۇنى بار پادىشاھلىقلار بار ئىدى، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى، ئەمما دوناي دەريا- سىدىن خارەزىمغىچە ھەتتا سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغىچە بولغان پۈتكۈل ئالتۇن ئوردا خانلىقى تېررىتورىيىسىدە موڭغۇللار دەۋرىدىكى ھېچقانداق سۇلالە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاشلا ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى موڭغۇللارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئېلىپ كەلدى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ يېزىقنى قىپچاقلار رايونىدىكىلەرنىڭ بىلىد- غانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ناھايىتى تەس. ھازىر بار بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ يارلىقلىرى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا مەنسۇپ. شۇ دەۋرگە مەنسۇپ نەرسىلەردىن توختامىش («ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، IV، P، 874 ـ بەتكە قاراڭ) تىن كېيىنكى تەڭگىلەر بار. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى خاننىڭ نامى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سالەي قۇيدۇرغان تەڭگىلەردىلا ئۇچرايدۇ. بۇ تەڭگىلەر شۇ نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، خاننىڭ نامى بەزىدە موڭغۇلچە بولۇپ، تۈركچىلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار پەقەت ئەرەبچە يېزىلغان يېزىقتا ئوخشىمايدىغان تەلەپپۇزدا ئوقۇلغان. مەسىلەن، جانىبەكنىڭ ئىسمى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا Qambek

(1357 ـ 1341) قىلىپ يېزىلغان. ئەبۇل غازى، موڭغۇل تىلى 15 ـ ئەسىرلەردىمۇ تېخى قوللىنىلاتتى، دېگەن. بىراق، ئۇنىڭغا دەلىل كەمچىل. ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىدە موڭغۇلچە يېزىق ئىشلىتىلىپ تەڭگە قويۇلمىغان، بەلكى تۈركچە «قۇتلۇغ بولسۇن» دېگەن سۆزلەر نەقىشلەنگەن تەڭگىلەر بايقالدى (نامسىز تەڭگە، بىرقەدەر كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن). ئىبن بەتۇتە (ئۇ ئۆزبەكخاننىڭ ئوردىسىغا بارغان) ئۇ يەردە پەقەت تۈركچىنىلا ئاڭلىغان. ئوردا ئىچىدىكى ئاياللار توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇ ئۇلۇ خاتۇن (ulu hatun)، كۈچۈك خاتۇن (kuquk hatun)، يەنى («چوڭ خانىش»، «كىچىك خانىش») دېگەندەك تۈركچە ناملارنى تىلغا ئالغان. خان سەئىد ئەۋلادلىرىدىن بولغان مەسلىھەتچى ھەم ئۇستازلارنى ئاتا دەپ ئاتايتتى. تۈرك تىلى دۆئالارغىمۇ ئىشلىتىلەتتى. ئازاق شەھىرىدە ئىبن بەتۇتەنىڭ ئالدىدا، بىر ئىسلام ئۆلىماسى سۇلتان (يەنى ئۆزبەكخان)، ئەمىر (ئازاق شەھىرىنىڭ ئەمىرى خارەزىملىقلاردىن ئىدى) ھەم ئولتۇرغانلار ئۈچۈن ئەرەبچە دۇئا قىلغان، ئارقىدىن ئۇنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. ئەلۋەتتە بۇ مەسچىتتە ئەمەس بىر قېتىملىق زىيابەت ئۈستىدە بولغان. ئۇ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن كىشىلەر ئالدى بىلەن ئەرەبچە، ئۇنىڭدىن كېيىن پارسچە، تۈركچە ناخشا ئوقۇغان.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى بۇلغارلارغا تەسىر كۆرسىتىشى كۆپرەك خارەزىم ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. يەرلىك تۈركلەر ـــ قىپچاقلار موڭغۇللار دەۋرىدىن خېلى بۇرۇنلا ئىككى تەرەپتىن (رۇسىيە ھەم غەربىي ياۋروپا) كېلىدىغان خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ خىل تەسىر موڭغۇللار دەۋرىدىمۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇ بىر نۇقتىنى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى قىپچاق تىلى لۇغىتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىنجىلدىكى ھەم كاتولىك دىنىدىكى شېئىرلارنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ياخشى تەرجىمە قىلىنغان. بۇ دىن تارقاتقۇچىنىڭ تۈرك تىلىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خانلىقتا ئىسلام دىنى ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، ئەسلىي خرىستىئان دىنىغا ئېتىقات قىلىپ، كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەرمۇ بار ئىدى. خانلىقتىكى ئىسلام دىنى ھەم خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن بىردەك باج كەچۈرۈم قىلىنغان ئىدى. 1261 ـ يىلى مۇسۇلمان بىرىكخان تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتتا ساراي شەھىرىدە پراۋوسلاۋىيە دىنىي رايونى قۇرۇلغان ئىدى.

بىرىكنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىق ئىشى توغرىسىدا كېيىن ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەبۇل غازىنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا، بىرىكخان خانلىق ئورنىغا ئولتۇرغاندا، ئىككى بۇخارالىق سودىگەرنىڭ مۇناسىۋىتى تۈپەيلى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. يەنە بىر قاراشلاردا، ئۇ تەختكە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرىلا خوجەند ھەم بۇخارالىق

شەيخلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، راشىدىننىڭ كىتابىدا ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەت بىرىكخانغا چېتىلغان، ئۇنى دىنسىز ئانىسىنى ئەممىگەن، دەپ تەسۋىرلىگەن. لوبلوكنىڭ كىتابىدىن، بىرىكنىڭ بودۇ ھايات دەۋرىدىلا ئىسلام مۇرىتىغا ئايلانغانلىقى مەلۇم ھەم ئۇنىڭ ئوردىدا چوشقا گۆشى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. خان ئۆزىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ توقال، غۇلاملىرىمۇ ئىسلام مۇرىتلىرى ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر ئايالى ھەم ئەمىرلىرىنىڭ بىردىن ئىمام، مۇئەززىنلىرى بولۇپ، بالىلىرىغا قۇرئان ئۆگىتىدىغان مەكتەپلىرىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىسلام دىنى بىلەن قەتئىي سىغىشالمايدىغان كونا ئادەتلىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، ئۇلار دەريا سۈيىدە كىر يۇمايتتى ھەم قاچا - قۇچا يۇمايتتى. مىسىر ئەلچىلىرى بۇنى ئۇققاندىن كېيىن، ئوردىدا كىر يۇماي، زۆرۈر تېپىلغاندا ئوغرىلىقچە يۇياتتى.

بىرىگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا يەنە ئىمانسىزلار ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا ئۆزبەكخان ھاكىمىيەتتە ئولتۇرغان (1312 ياكى 1313 - 1340 - يىللىرى) دەۋرگىچە ئىسلام دىنى ئۈستۈنلۈكتە ئىدى. ئىبن بەتۇتە ئۆزبەكخاننىڭ ئۇستازىنىڭ سەئىد ئەۋلادىدىن ئىـ نلىكىنى، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئابدۇل ھەمىد ئىكەنلىكى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان. يەنە بىر قاراشتا (برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانغان يازما: «تولۇقلىما» 26، 190، لى ئوۋ: پارسچە يازمىلارنىڭ مۇندەرىجىسى 163 - نىڭ تۆۋىنىدە، بارتولد «تۈركىستان» ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، مىراس «تۈرك شەجەرىسى» تەرجىمە نۇسخىسى، لوندۇن، 1838، 232 - بەت) تۈركىستانلىق شەيخ سەئىد ئاتا (ئەسلىي ئىسمى ئەھمەد، تاشكەنتكە دەپنە قىلىنغان كەنجى ئاتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى) ئارقىلىق ئۆزبەكخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، سەئىد ئاتا خانغا سۇلتان مۇھەممەد ئۆزبەكخان دەپ ئىسىم قويۇپ قويغان، دېيىلگەن. بۇ ئىش ھىجرىيە 720 - يىلى، يەنى توخۇ يىلىدا (1312 - يىلى) يۈز بەرگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەۋلىيانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ماۋەرائۇننەھر رايونىغا كەلگەن ئۆزبەكخاننىڭ پۇقرالىرى ئۆزلىرىنى خان نامى بىلەن ئاتاشقان، شەيخنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىماي تۈركىستاندا قالغانلىرى قالماق («قېلىش» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان، دېيىلگەن. بىراق، يەنە باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ (ئەبۇل غازىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۆزبەكلەرنىڭ نامى ئۆزبەكخان دېگەن نامدىن كەلگەن، دەپ قەيت قىلىنغان.

15 - ئەسىردىكى تارىخچىلار شۇچى ۋارىسلىرىنىڭ دۆلەتلىرىنى (ئۇلۇس) «ئۆزبەك ئۇلۇسى» دەپ ئاتاشقان. ئوتتۇرا ئاسىيادا، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزبەكنى كىشىلەر قەبىلە نامىدا قوللىنىپ، ئۇنى چاغاتاي دېگەن نام (چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى) بىلەن قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويغان. چاغاتاي دېگەن نام تۈركىستاندىكى چارۋىچى خەلقنى ئاتاشقا قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇلار شۇ يەرلىك خاننىڭ ئاساسىي ئارمىيە كۈچىنى تەشكىل قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

# چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىن پايدىلىنىش — ئاتالغۇ بېكىتىشتىكى مۇھىم چارە

يۈسۈپ ئىگەم

چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقى 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس، ئەرەب - پارس تىل - يېزىقىنى قوشۇمچە قىلىش بىلەن شەكىللىنىپ ئالتە ئەسىر دېگۈدەك پۈتكۈل تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي تىلى بولدى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر ئارقا - ئارقىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىن ۋاز كەچتى. ئۇيغۇرلارمۇ ئۇنى 20 - ئەسىرنىڭ 20 — 30 - يىللىرىدىن باشلاپ ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىپ، 1954 - يىلىغا كەلگەندە كونىلىق تامغىسىنى ئۇردى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شەكىللىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئۇزاق ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغانلىقتىن، بۇ تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى باشقا تۈركىي تىللارغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە، كۆپرەك رەۋىشتە ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ساقلانغان. ھېلىھەم كۆپ قىسىم ياشانغان ساۋاتلىق كىشىلىرىمىز «ئىرتەكى تىلىمىز چوق ئىنچام ئىردى» دەپ خېلى كۆپ سالماقتىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنى ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ.

1980 - يىلىدىن بۇيان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپرەك تەتقىق قىلىنىشى بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىمىزدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ئۆزلەشكەن ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر جانلىنىپ ئاتالغۇ قېلىپلاشتۇرۇشقا ئىشتىراك ئېتىلدى، لېكىن ئاتالغۇ ساھەسىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەرگە سەل قارالدى. بىلسەك، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ھازىرقى ئىستېمالىمىز ئۈچۈنمۇ كېرەكلىك ئۇيغۇرچە سۆزلەر خېلى كۆپ:

1. سۆز يىلتىزى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئۇچرايدىغان سۆزلەر (مىساللارنىڭ شەرتلىك بەلگىلىرىدىكى «ئە - ئەرەبچە سۆز»، «ر - رۇسچە ۋە رۇسچە ئارقىلىق قوبۇللانغان ياۋروپاچە سۆز»، «ف - پارسچە سۆز»، «ئۇ - ئۇيغۇرچە سۆز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.)

| چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى يىلتىزداشلار | ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا |
| --- | --- | --- |
| ئاشلاقا | ئاش | داستىخان (ف) |
| ئەلكۈن | ئەل | جامائەت (ئە) |
| باشقالىق | باشقا | ئىختىلاپ (ئە) |
| باسىن | باسماق | مەتبەئە (ئە) |

| | | |
|---|---|---|
| پىچغاس | پىچماق | دوگوۋور ياكى دېگۋار (ر) |
| پىچغىل | پىچماق | قول - پۇتتىكى يېرىق |
| چىنچىل | چىن + چىل | راستچىل (ئە، ئۇ) |
| چىنبار | چىن + بار | رېئال (ر) |
| چىنبارلىق | چىن + بار + لىق | رېئاللىق (ر، ئۇ) |
| تىترىم | تىترىمەك | تەسىر (ئە) |
| كۆيەنچى | كۆيمەك | سېلىسار (ر) |
| قارشىت | قارشى | زىددىيەت (ئە) |
| قاپتورقاي | قاپ | زىننەت بۇيۇمى سالىدىغان كىچىك قۇتا |
| چاقىرقانات | چېقىر + قانات | ئۆردەك چۆجىسىنىڭ ئالا قانات ۋاقتى |
| قونۇق | قوناق | مېھمان (ئە) |
| قايرالىق | قايرىلماق | تەكرارلىق (ئە، ئۇ) |
| ئۇچرۇ | ئۇچماق | ۋاقىت (ئە) |
| ئۆگرىتىڭ | ئۆگەتمەك | تەربىيە (ئە) |
| ئۆلۇتچى | ئۆلمەك | قاتىل (ئە) |
| ئۇچۇق | ئۇچماق | ئۇچار جىسىم (ئۇ، ئە) |
| ئىچىچ | ئىچ | قازان، يادرو (ر) |
| ئۆرەڭ | ئۆرلىمەك | تەخت (ئە) |

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «ئۇچار جىسىم» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئۇچۇق» ھازىرقى تۈركىيە تۈرك تىلىدا ئىككىنچى بوغۇمدىكى «ئۇ» نىڭ «ئا» غا ئۆزگىرىشى بىلەن «ycak» بولۇپ، ئۇچار جىسىملار ئارىسىدىكى «ئايروپىلان» نى كۆرسەتكەن. بىزمۇ تىلىمىزنىڭ ئاتالغۇلىرىنى ئىملا جەھەتتىن ئايرىش پرىنسىپى بويىچە «ئۇچۇق» نى جىنس ئۇقۇم ئۈچۈن، «ئۇچاق» نى تۈر ئۇقۇم ئۈچۈن ئىشلەتسەك بولىدۇ.

2. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمالدىن قالغان ۋە قېلىۋاتقان، باشقا تۈركىي تىللاردا كۆپ ئىشلىتىدىغان سۆزلەر

| چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | ھازىرقى تۈركىي تىلىدا | ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|---|
| ئارمىغان | تۈركچە، قىرغىزچە | ھەدىيە (ئە) |
| ئاشاغى | تۈركچە | تۆۋەن |
| ئالجاق | تۈركچە | مۇلايىم (ئە) |
| پىلدىرىم | تۈركچە | چاقماق - چېقىن |

www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| ئۆكسىز | تۈركچە | يېتىم (گە) |
| كۆنەي | تۈركچە | شەرق (گە) |
| سەس | تۈركچە، قازاقچە | ئاۋاز (گە) |
| چوجۇك | تۈركچە | كىچىك بالا |
| كۆمەك | قىرغىزچە، قازاقچە | ياردەم |
| قارت | قىرغىزچە، قازاقچە | قېرى، كونا (گە) |
| سىيلىق | قىرغىزچە، قازاقچە | مۇكاپات (گە) |
| ئارغا | قىرغىزچە | تەدبىر (گە) |
| ساندىراق | قىرغىزچە، قازاقچە | سەپسەتە (گە) |
| ساران | قىرغىزچە | بېخىل (گە) |
| بەلەك | قىرغىزچە، قازاقچە | سوۋغات (گە) |
| تەگرە | قىرغىزچە | ئەتراپ (گە) |
| ئىنانچ | قىرغىزچە، تۈركچە | ئىشەنچ |
| تەسكىر | قىرغىزچە | تەتۈر |
| يازۇق | قىرغىزچە، قازاقچە | جىنايەت (گە) |
| يۇمۇرتقا | قىرغىزچە، قازاقچە، تۈركچە | تۇخۇم |
| بۇزىك (بىي) | قىرغىزچە، قازاقچە | ئۇسسۇل، رەقس (گە) |
| بۆكتۆر | قىرغىزچە، قازاقچە | تاغ قاپتىلى |
| ئالىس | قىرغىزچە، قازاقچە | يىراق |
| كۆتەن | قىرغىزچە، قازاقچە | ئۈچەيىنىڭ يوغان بېشى |
| قوڭشۇ | قىرغىزچە، تۈركچە | قوشنا |
| كۆلۈك | قىرغىزچە، قازاقچە | ئات - ئۇلاغ |
| ئاڭداماق | قىرغىزچە، قازاقچە | ئوۋلىماق |
| تۇڭۇلمەك | قىرغىزچە، قازاقچە | بۇزۇلماق، ئۈمىدسىزلەنمەك |
| بودۇن | قازاقچە | خەلق (ف) |
| ناقاچۇ | قازاقچە | تاغا |
| چابۇل | قازاقچە، قىرغىزچە | ھۇجۇم (گە) |

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «كۆمەك، تەسكىر» 1986 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» دە سۆزلەرنى ئىزاھلاشقا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ھازىر ئاغزاكى تىلدا ئىستېمالدىن قالدى. «ئارغا ~ ئاغا» ئاغزاكى تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. تۈرك تىلىدىكى «Okuz Cocuk vurmagekolay Alcakesekbinmegekolay» ، قىرغىز

تىلىدىكى «سارتتا ساران كۆپ، قىرغىزدا قىران كۆپ» دېگەن ماقاللاردىكى «Alcak، Oksuz، Cocuk، ساران» دېگەن تۆت سۆز يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرسىتىلدى.

«ئاڭداماق» دېگەن پېئىللاردىن «ئاڭدالما» دېگەن ئاتالغۇنى ياساپ، «ئوۋ ئۆلجىسى» نىڭ ئورنىدا ئىشلەتسەك بولىدۇ.

3. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئاز، ئۇيغۇر شېۋىلىرىدە كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان سۆزلەر

| چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | هازىرقى ئۇيغۇر تىلى شېۋىلىرىدە | هازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا |
| --- | --- | --- |
| ئاسىغ | خوتەندە | پايدا (ئە) |
| ئاژۇن | خوتەندە | دۇنيا (ف) |
| ئابىشقا | خوتەندە، تۇرپاندا | قېرى ئادەم |
| كۆبۈرگەن | قىزىلسۇدا | ياۋا پىياز |
| كۆگەچكەن | قۇمۇلدا، مارالبېشىدا | كەپتەر (ف) |
| قوزىقارىن | لوپنۇردا | موگۇ، ساڭروقۇلاق |
| ياڭسۇلۇق (ياڭشالىق) | كورلىدا، كۇچادا | مەمەدانلىق (ئە، ئو) |

4. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەر سلاۋيانلارغا قوشنا تۈركىي خەلقلەر ئارقىلىق رۇس تىلىغىمۇ ئۆزلەشكەن بولۇپ، هازىرقى ئىستېمالىمىز ئۈچۈن ماس كېلىدۇ. ئۇلار:

| چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | هازىرقى رۇس تىلىدا | هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا |
| --- | --- | --- |
| ياتاغان | ЯТАГАН | ئەگمەچ قىلىچ، پىچاق |
| خۇمغان (قۇمغان) | КУМГАН | ئېگىز بوي خۇمرا |
| سۇغال | WAKAДЬ | چىلبۆرە |

5. هازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا سۆز بىرىكمىسى بىلەن، ئەمما چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا تاق سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن ئاتالغۇلار ۋە بەزەن ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر:

| چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا |
| --- | --- |
| بوتە | مەدەن ئېرىتىدىغان ئىدىش |
| باغىش | چېدىر ئۈستىگە تارتىلغان ئارغامچا |
| بۇتا | هاۋانچا تېشى |
| بەلىڭلەگ | ۋەهىمە (ئە) |
| بارىق | يىراقتىن كۆرۈنگەن نۇقتا |
| بۈگەن | سوقۇر ئۈچەي |

| | |
|---|---|
| ھادراق | سوزۇنچاق كاۋا ـ قاپاق |
| بوغرو | ياۋا چوشقا |
| تۈنبەك | قولتۇق دۇمبىقى |
| تاپچان | ئېگىز پۇتلۇق ئورۇندۇق |
| سىقىرقان | چوڭ چاشقان |
| ساغىلداق | قوينىڭ دۈمبە قويرۇق يېغى |
| سابۇرغان | يات دىندىكىلەر قەبرىگاھى |
| غىلال | چىش تازىلىغۇچ |
| كۆسەك | كېۋەز غوزىسى |
| كىمەرسە | مەلۇم بىر ئادەم |
| ئىرگىنە | چېدىر ئىشىكى |
| ئەگمەگۈ | كارانتىن (ر) |
| نەڭ | شەيئى (ئە) |
| يالاۋاچ | كونسۇل (ر) |
| ئۇغرۇغ | تاغ ياكى سايىنىڭ تۈگىگەن يېرى |
| قالۋا قاندىر | مەشىق ئوقى<br>سېرىق ئەت |

ئەجدادلىرىمىز ئۇيغۇرچە سۆزلەرگە ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى مەنداش ئىشلىتىپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتقان ئىكەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى بەرپا قىلىشتىكى شۇ ئۇسلۇبىنىڭ ئەكسىچە، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەرەبچە، پارسچە، رۇسچە ۋە باشقا تىللاردىن قوبۇللانغان سۆز ـ ئاتالغۇلارغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇيغۇرچە سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ياردەملەشتۈرۈپ مەنداش ئىشلەتسەك ياكى ئورنىغا دەسسەتسەك، ئانا تىلىمىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن يىراقلاپ كەتمەيدۇ. ئاتالغۇلار ئىخچام بولىدۇ. تىلىمىزنىڭ تازىلىقىنى قوغداپ قالىمىز.

[پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار]

1. غۇلام غوپۇرى، مۇھەممەد تۇرسۇن ئىبراھىمى، غوجا ئەھمەد يۇنۇس تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشرى.
2. كوللېكتىپ تۈزگەن «رۇسچە ـ خەنزۇچە ئەپچىل لۇغەت»، بېيجىڭ سودا نەشرىياتى 1993 ـ يىل نەشرى.
3. مۇئمىن ئابدۇللا تۈزگەن «تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، 1989 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.

# ئەرۇز ئاتالغۇسى ۋە ئەرۇز ئىلمىنىڭ ئەسلى مەنبەسىگە ئائىت ئوخشاشمىغان قاراشلار توغرىسىدا

زەمىر سەئدۇللازادە

«ئەرۇز ـ عروض» ئاتالغۇسىنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قانداق بولۇپ خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئىجاد قىلغان شېئىرىي ۋەزىن نەزەرىيىسىنىڭ نامى بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا ھازىرغىچە تېخى بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. ھەركىم بۇ ھەقتە ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ، ھەتتا تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ شۇنچە ئېنىقلىقىغا قارىماي ئەرۇز ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە دەسلەپكى كەشپىياتچىسى توغرىسىدىمۇ بەزى گۇمانىي قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

كۆپىنچە ھاللاردا «ئەرۇز» ئاتالغۇسى ئەرەبچە ئەرز (عرض ـ بايان قىلىش) سۆزى ئاساسىدا شەرھلىنىدۇ؛ ئەڭ قەدىمىي ئەسەرلەردىن شەمس قەيس رازىنىڭ «ئەل مۇجەم» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرۇز دەپ ئاتايدۇكى، شېئىر ئۇنىڭدا ئەرز ـ بايان قىلىنىش ئارقىلىق مەۋزۇن (تاناسىپلىق، ئۆلچەنگەن) نامەۋزۇندىن، توغرىسى خاتاسىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ»① دەپ تەبىرلىنىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاشمىغان ھالدا ۋەھدەت تەبرىزى: «... چېدىرنىڭ مۇستەھكەم تۇرالىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تىرەپ قويۇلىدىغان تۈۋرۈكنى ئەرەبلەر «ئەرۇز» دەپ ئاتىشىدۇ. ئەرۇزنى بىلگۈچىلەر بولسا بىرىنچى مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى رۇكنىنىمۇ «ئەرۇز» دەپ ئاتىشىدۇ. خۇددى چېدىر شۇ تۈۋرۈككە تايىنىپ تۇرغانغا ئوخشاش بېيىتمۇ شۇ رۇكنىگە تايىنىدۇ. چۈنكى، بۇ رۇكىن تەلەپپۇز قىلىنغاندا مەزكۇر شېئىرنىڭ قايسى بەھرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ سالىم (بۇزۇلمىغان، ساپ) ياكى فەرئىيلىكى (بۇزۇلغانلىقى) مەلۇم بولىدۇ»② دەپ قارايدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەرۇز نەزەرىيىسىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدىغان بارلىق ئاتالغۇلارنى كۆچمەن ئەرەبلەرنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇچراپ تۇرىدىغان تۈرلۈك بويۇملارنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن ئالىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىمۇ

---

① شەمس قەيس رازى «ئەل مۇجەم» دۇشەنبە 1991 ـ يىل نەشرى، 31 ـ بەت.
② ۋەھدەت تەبرىزى «جەمىئۇل مۇختەسەر» موسكۋا، 1959 ـ يىل، 26 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئەرۇز ئاتالغۇسىنى شەرھلىگەندە، بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بەس سابىت بولدىكىم، ئەرۇز فەنى شەرىف فەندۇر ۋە بۇ كىم، بۇ ئىلىمنى نېچۈن ‹ئەرۇز› دېدىلەر، مۇختەلىف ئەقۋال بار. ئول جۇملەدىن، بىرى بىلە ئىكتىفا قىلىلۇر ۋە ئول بۇدۇركىم، خەلىل ئىبنى ئەھمەد رەھمەتۇللاھكى بۇ فەننىڭ ۋازىئىيدۇر، چۈن ئەرەب ئېرمىش ۋە ئانىڭ يەقىنىدە بىر ۋادى ئېرمىشكى، ئانى ‹ئەرۇز› دېرلەر ئېرمىش ۋە ئول ۋادىدا ئەئراب ئۆيلەرىن (چېدىرلار) تىكىپ، جىلۋە بېرىپ، بەھاغە كېيۈرۈرلەر ئېرمىش ۋە ئۆينى ئەرەب ‹بەيت› دېر. چۈن بەيتلەرنى بۇ فەن بىلە مىزان قىلىپ، مەۋزۇننى نامەۋزۇندىن ئايۇرۇرلار، گۇياكى قىيمەت ۋە بەھاسى مەلۇم بولۇر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ‹ئەرۇز› دېپتۇرلەر»①

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە «بۇ ئىلىمنى ‹ئەرۇز› دەپ ئاتاشتىكى سەۋەب شۇكى، ئەل خەلىل ئۇنى مەككە بىلەن تائىف ئوتتۇرىسىدىكى ‹ئەرۇز› ناملىق جايدا كەشف قىلغان»② دېگەن قاراش بىلەن بۇنىڭغا يېقىن بولغان «خەلىل تەڭرىدىن ئىلگىرى پەقەتلا مەۋجۇت بولمىغان بىر ئىلىم ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنگەندە مەككىدە ئىدى. بۇ ئىلىمنى ئۇ ‹ئەرۇز› دەپ ئاتىدى. ئەرۇز مەككىنىڭ ناملىرىدىن بىرىدۇر، بۇنى ئۇ بىر بېشارەت دەپ بىلدى»③ دەيدىغان قاراشمۇ خېلىلا ئومۇملاشقان.

«ئەرۇز» ئاتالغۇسىنى چۈشەندۈرىدىغان قاراشلارنىڭ بىرىدە مەزكۇر ئاتالغۇ يەنە مۇنداق تەبىرلىنىدۇ: «ئەرەبلەر تېخى كۆندۈرۈلمىگەن چىشى (ساغلىق) تۆگىنىمۇ ‹ئەرۇز› دەپ ئاتىشىدۇ، شۇڭا شائىر ئۆز مەيلىگە رام قىلىشى (بويسۇندۇرۇشى) كېرەك بولغان شېئىر ۋەزنىمۇ ‹ئەرۇز› نامى بىلەن ئاتالغان»④

«ئەرۇز» ئاتالغۇسىنى ئېلىپبە ئاساسىدا تەبىرلەش ئۇسۇلىمۇ بار. سەيفى «ئەرۇزى سەيفى» ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بەزىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە ئەرۇز تەرەپ (نىشان، ياق) دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئىلىم بەزى ئىلىملەرنىڭ بىر تەرىپى (يۆنىلىشى) بولغاچقا ‹ئەرۇز›، دەپ ئاتالغان، دەپ قارىشىدۇ. يەنە بەزىلەر ئەرۇز (عروض) سۆزىنىڭ تەركىبىدىكى ئەين (ع)، را (ر)، زاد (ض) دىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپ كەشىپ قىلىش ۋە ئاشكارىلاش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىلىمدىن توغرا ۋە ناتوغرا ۋەزىن ئايدىڭلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ‹ئەرۇز›، دەپ ئاتالغان»⑤ يۇقىرىدىكىلەردىن مەلۇمكى، «ئەرۇز» ئاتالغۇسىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى قەدىمدىن بۇيانلا ئېنىق بولمىغان بىر مەسىلە بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئوخشاشمىغان تەخمىنىي قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

---

① ئەلىشىر نەۋائى «مىزانۇل ئەۋزان» («نەۋائى ئەسەرلىرى توپلىمى» XIV - توم) تاشكەنت، 1967 - يىل نەشرى، 137 - بەت.
② ئىمىنجان تەلەبۇۋ «ئەرۇز ئاتالمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە دائىر» «شەرق يۇلتۇزى» 1996 - يىللىق 5 - سان، 159 - بەت.
③ ئىبن خەللىكان «ۋەفەيەتۇل ئەئيەن ۋە ئەنبە ئەززەمان» بېيرۇت، 1968 - يىل نەشرى، 19 - بەت.
④ پەرۋىز ناتىل خانلەرى «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى» تېھران، ھىجرىيە 1361 - يىل نەشرى، 84 - بەت.
⑤ نۇرۇللا ئاتىروۋ «ئەجەم ئەرۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» دۇشەنبە، 1991 - يىل نەشرى، 15 - بەت.

خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «كىتاب ئەل ئەرۇز» ناملىق ئەسىرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئەرۇز ئىلمىنىڭ مەنبەلىرى توغرىسىدىمۇ ئاز بولمىغان گۇمانىي قاراشلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولغانىدى. بۇ ساھەدە ياۋروپا ئالىملىرى خېلى ئەتراپلىق ئىزدەندى. بىز ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرۇزچىلارنىڭ ئەرۇز ئىلمىنىڭ ئىختىراچىسى توغرىسىدىكى بايانلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئالىملار خەلىل ئىبنى ئەھمەدنى بىردەك ئەرۇز ئىلمىنىڭ كەشپىياتچىسى دەپ قارىشىدۇ. شەمس قەيس رازى ئەرۇز توغرىسىدا توختالغاندا خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان (ئەسەرنىڭ باشقا بۆلەكلىرىدە كۆپ قېتىم تىلغا ئالىدۇ) بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدە ئەرۇز ئىلمىنىڭ ئەرەبلەردىن باشلانغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ: «شېئىرىي سەنئەت دەسلەپتە ئەرەبلەرنىڭ تەبىئىتىدىن يارالغان ۋە باشلانغان بولۇپ، ئەجەم بولسا ھەممە جەھەتتىن ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ئورنىدا تۇرۇپ، ئاساسىي ئورۇندا بولمىغان. بۆلەكلەر ۋە روكنلارنىڭ ئىسمىنى قويۇش، بەھر ۋە ۋەزنلەرنى بېكىتىش، رەۋا بىلەن نارەۋانى ئايرىشتىمۇ مۇستەقىل بولماستىن ناقىل (توشۇغۇچى - قوبۇل قىلغۇچى) دۇر. ۋەزن ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئاتالغۇلارنى شەرھلەش، بەھرلەرنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش، دائىرىلەرنى خاتىرىلەش، شېئىر شەكىللىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ بەھرلىرىنى ھېسابلاشتىن باشلانغان بۇ ئەسەردە، ئەجەم بۇ ساھەدە ئۇنىڭغا قوشقان ۋە ئېلىپ تاشلىغان مەزمۇنلارنىڭ توغرا - خاتاسىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاش، ياخشى - يامىنىنى روشەنلەشتۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى»①. بۇ سۆزدىن شەمس قەيس رازىنىڭ ئەرۇز ئىلمىنىڭ دەسلەپتە ئەرەب ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەنلىكىگە ھېچقانداق گۇمانىي قاراشتا ئەمەسلىكىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

نەسىرۇددىن تۇسىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «شېئىر رۇكنلىرىنى ئىجاد قىلغان خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئۇلارنى خۇددى مۇزىكا ئەھلى «تا» ۋە «نۇن» سۆزى بىلەن ئاھاڭلارنى ئايرىغاندەك «فېئىل» (فعل) سۆزى بىلەن ئايرىغان، شۇڭا شېئىر رۇكنىنى ئەفائىل ۋە تەفائىل دەپمۇ ئاتاشقان»② دەپ يازىدۇ.

مۇھەممەد غىياسۇددىننىڭ قارىشىچىمۇ خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەرۇز ئىلمىنىڭ كەشپىياتچىسىدۇر: «بىلىش كېرەككى، ئەرۇز ئىلمىنىڭ ئىجادچىسى ۋە شەكىللەندۈرگۈچىسى خەلىل ئىبنى ئەھمەددۇر، ئۇ ۋەزىننى ئەرەب شېئىرىيىتىدىن تەتقىق قىلىپ، ئۇنى 15 بەھرگە مۇقىملاشتۇرغان»③.

---

① شەمس قەيس رازى «ئەل مۇجەم» دۇشەنبە، 1991 - يىل نەشرى، 56 - بەت.
② نەسىرۇددىن تۇسى «مېيارۇل ئەشئار» دۇشەنبە، 1992 - يىل نەشرى، 27 - بەت.
③ مۇھەممەد غىياسۇددىن «غىياسۇل لۇغەت» دۇشەنبە، 1987 - يىل نەشرى، 2 - توم، 43 - بەت.

ۋاجىد ئەلىمۇ خەلىل ئىبنى ئەھمەدنى ئەرۇز ئىلمىنى دەسلەپتە بارلىققا كەلتۈرگۈچى شەخس دەپ قارايدۇ: «مەلۇم بولغايكى، بۇ ئىلىمنىڭ ئاساسچىسى خەلىل ئىبنى ئەھمەد بەسرىدۇر»①.

ئەلىشىر نەۋائىمۇ «خەلىل ئىبنى ئەھمەد رەھمەتۇللاھكى بۇفەننىڭ ۋازىئىيدۇر»② دەپ ئېنىق تەكىتلەيدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى داڭلىق ئىلىم پېشۋالىرى ئەرۇز ئىلمىنىڭ ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەھمەد تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغانلىقىغا قىلچە شەك كەلتۈرۈش-مىگەن. گەرچە ئاتالغۇلار مەسىلىسىدە ئۇلار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ياقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى قىزىقتۇرغان مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەشتە يەنىلا ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە خەلىل ئىبنى ئەھمەد ھەم ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن چەتنەپ كېتەلمە-گەن. بۇ ھال ئەرۇز ئىلمىنىڭ دەسلەپتە خەلىل ئىبنى ئەھمەد تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغانلى-قىنى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىدىغانلىقىنى مۇنازىرىسىز چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «كىتاب ئەل ئەرۇز» ناملىق ئەسىرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئەرۇز ئىلمىنىڭ دەسلەپكى مەنبەلىرىگە نىسبەتەن ئايرىم ئىشەنچسىزلىكلەرنى تۇغدۇرمايمۇ قالمىغاندى. بولۇپمۇ ياۋروپا ئالىملىرى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئەرۇز ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە قانداق مەنبەلەرگە تايانغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ھەممىدىن بەكرەك قىزىقىپ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئايرىم تەتقىقاتلارنىمۇ ئېلىپ بېرىشتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ تاپقان جاۋابلىرى يەنىلا خىلمۇخىل بولۇپ، ھازىرغىچە ئىلىم ئەھلىلىرىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ؛ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەردىن گېرمانىيىلىك مەشھۇر ئەرەبشۇناسلار گ. ئېۋالد ( 1803 — 1875 — Г. ЗВаЛЬД )، ر. ۋېستفا ( 1826—1829—P. Be c TфаДЪ ) قاتارلىقلارنىڭ قارىشىچە، ئەرۇزنىڭ مەنبەسى قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ شېئىري شەكىللىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەرۇز ئىلمىنى كەشىپ قىلغاندا يۇنان ئەتىقە شېئىرىيىتىنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرى، بولۇپمۇ رىتىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئەتراپلىق پايدىلانغان③. بۇلارغا ئوخ-شىمىغان ھالدا ئاكادېمىك ف. ئى. كورش ( 1843—1925—ф. Е. коРш ) ۋە شەرقشۇناس ئا. كرىستېنسېن ( kРИСТЕНеНСеН. —A1945 — يىلى ۋاپات بولغان ) قاتارلىقلارنىڭ قارىشىچە، ئەرۇز ئىلمى ئىراننىڭ ساسانىيلار دەۋرىدىكى پەھلەۋىي تىلىدىكى شېئىر رىتىمىلە-

---

① ۋاجىد ئەلى «مەقالەتۇ ئۇل ئۇلۇم ۋە مەجمەئۇل فۇنۇن» ھىندىستان، 1908 ـ يىل نەشرى، 440 ـ بەت.

② ئەلىشىر نەۋائى «مىزانۇل ئەۋزان» («نەۋائى ئەسەرلىرى توپلىمى» XIV ـ توم) تاشكەنت، 1967 ـ يىل نەشرى، 137 ـ بەت.

③ ئورۋەتۇللا ئاتىروف «ئەجەم ئەرۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» دۇشەنبە، 1991 ـ يىل نەشرى، 15 ـ بەت.

برىغا ئاساسەن كەشىپ قىلىنغان[1]. ئىرانلىق ئالىم پەرۋىز ناتىل خانلىرى بىيرۇنىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىگە ئاساسەن ئەرۇزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى قەدىمكى ھىندى سانسكرىت مەنبەلىرىگە تاقاپ: «بىيرۇنىنىڭ خاتىرىلىرى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئەرۇز ئىلمى بىلەن ھىندىلار-نىڭ ۋەزىن ئىلمىدىكى ئوخشاشلىقلار، شۇنداقلا بىر كىشىنىڭ بىر ئىلمنى باشتىن - ئاخىر يالغۇز بىراقلا كەشىپ قىلىشى ئادەتتە مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا قاراپ، خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەرۇز قائىدىلىرىنى تۈزۈشتە سانسكرىتتىكى ۋەزىن ئىلمىنىڭ ئۇسۇللىرىغا تايانغان (ئاساسلا-نغان) ۋە ئەرۇزنى شۇنىڭغا ئاساسەن تۈزگەن دەپ گۇمان قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىلمنى ئىجاد قىلغاندا ھىندىستان ۋە ھىندىلار بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسىدا بولۇپ كېلىۋاتقان بەسرە شەھىرىدە ياشاپ تۇرغانلىقىمۇ بۇ سۆزىمىزنى تەستىقلىيالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ تەلەپپۇز تەرتىپىدىن پايدىلىنىپ تۈنجى قېتىم تۈزۈپ چىققان «كىتابۇل ئەين» (ئەين - ع - ھەرپى بىلەن باشلانغان كىتاب) مۇ ئەينەن سانسكرىتتىكى ھەرپ تەرتىپىدۇر»[2] دەپ يازىدۇ. ئەرۇز-نىڭ قەدىمكى ھىندى مەنبەلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى تەكىتلەيدىغانلار ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىيرۇنىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرى ئاساس بولغان. بىيرۇنى بۇ ھەقتە خېلى تەپسىلىي توختالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزبېكىستانلىق ئالىم ئۇممەت تۆيچىيېۋ ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى بىر ئابزاسنىلا يۇلۇۋېلىپ، باشقىلارنىڭ بۇ سۆزنى خاتا مەنىدە چۈشەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ: «ئايرىم كىشىلەرنىڭ گۇمانىچە، خەلىل ئىبنى ئەھمەد ھىندىلاردا شېئىرلار ئۈچۈن ۋەزىن بارلىقىنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ (ئەرەب بېيىتلىرىنى) قىسقارتىلغان بەلگىلەر بىلەن ۋەزىنلەشتە بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان (زاتتۇر)»[3]. ئۇممەت تۆيچىيېۋ بىيرۇنىنىڭ بۇ سۆزىنى ئىزاھلاپ: «ئەمما بەزى ئالىملار بىيرۇنىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى بۇزۇپ تەلقىن قىلىپ، خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەرۇز نەزەرىيىسىنى ھىندىلاردىن ئالغان دېگەندەك خاتا مۇلاھىزىنى ھەم تارقىتىدۇ. ئەپسۇسكى بىيرۇنى بۇ مەنىدە سۆزلىگەن ئەمەس. ئەكرەم جەئفەر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەرۇز ئىران ئىلمى تەسىرىدە كېلىپ چىققان دېگۈچىلەرگىمۇ، ئەرۇز ھىندى شېئىرلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى تەسىرىدە كېلىپ چىققان دېگۈچىلەرگىمۇ، ئەرۇز گرېك شېئىرلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى تەسىرىدە كېلىپ چىققان دېگۈچىلەرگىمۇ قوشۇلمايدۇ»[4] دەپ يازى-دۇ. يۇقىرىدىكى سۆزدىن شۇ نەرسە ئايانكى، ئۇممەت تۆيچىيېۋ ئەرۇز ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن مەنبەلەرنى باشقا خەلقلەر شېئىرىيىتىدىن ئىزدەشكە تۈپتىن قوشۇلمايدۇ. ئۇ كرىمسكىينىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىگە تايانغان ھالدا ئەرەبلەرنىڭ سەجئىنى ئۆز ئۆزلۈق جەھەت-

---

① يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش.
② پەرۋىز ناتىل خانلىرى «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى» تېھران، ھىجرىيە 1361 - يىل نەشرى.
③ ئۇممەت تۆيچىيېۋ «ئۆزبېك پوئېزىيىسىدە ئەرۇز سىستېمىسى» تاشكەنت، 1985 - يىل نەشرى، 49 - بەت.
④ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش.

تىمىن تەڭشەپ، شېئىرغا يېقىنلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە رەجەز بەھرىنىڭ پەيدا بولغانلىقى ۋە شۇ ئاساستا كېيىنكى بەھرلەرنىڭ تەدرىجىي كەشىپ قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشنى ياقلاپ، ئەرۇز ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىن، بولۇپمۇ ئەرەبلەرنىڭ مۇزىكا ئىلمى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆپرەك تەكىتلەيدۇ[1]. ئەمما، بىرۇنىنىڭ مەزكۇر مەسىلە ئۈستىدە بايان قىلغان قارىشى يۇقىرىدىكى بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ. بىرۇنى ئالدى بىلەن خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەرۇز قائىدىلىرىنى ئېلان قىلغانغا قەدەر ھىندىلاردا شېئىرىيەت ۋە ۋەزىنگە ئائىت بار بولغان كىتابلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەرۇز ئىلمى بىلەن بولغان ئورتاقلىقلىرىنى تەپسىلىي شەرھلەيدۇ. ئىرانلىق ئالىم پەرۋىز ناتىل خانلەرى بىرۇنىنىڭ ئېيتقانلىرىنى قەدىمكى ھىندى شېئىرىيەت نەزەرىيىسىگە تەتبىقلىغان ھالدا خېلى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىدۇ. ئەرۇز ئاتالغۇلىرى بىلەن ھىندىلارنىڭ ۋەزىن ئىلمىدىكى ئاتالغۇلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارنى تېپىپ چىقىدۇ[2]. شۇنداقتىمۇ بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاشقا دائىر باشقا مەنبەلەر كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن پەرۋىز ناتىل خانلەرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ئومۇمنىڭ بىردەك تولۇق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. ئەرۇز ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەلىرىنى ئېنىقلاشتا بىر تەرەپلىمىلىك قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ مەسىلىدە ئالدى بىلەن ئەرەب تىلى، شېئىرىيىتى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىنى چىقىش قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەبلەر بىلەن ئۇزاق تارىختىن بۇيان قويۇق مەدەنىيەت ئالاقىسىدە بولۇپ كەلگەن پارس تىللىق خەلقلەر، يۇنانلىقلار، ھىندىلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىشەنچلىك خۇلاسە چىقىرىش كىشىگە ئەرەب ئەرۇزچىلىقىدىن باشقا يەنە قەدىمكى گرېك، پارس ۋە ھىندى شېئىرىيەت نەزەرىيىلىرى توغرىسىدىكى يېتەرلىك بىلىم ۋە ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىلا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەرۇز ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن مەنبەلەر ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلارنىڭ شۇنچە كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا قارىماي، ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىنى قايىل قىلغۇدەك بىرەر خۇلاسە چىقىرىلغىنى يوق. شۇڭا، ئەرۇز قانداق مەنبە ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولمىسۇن، ئۇ يەنىلا خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ نامى ۋە ئەرەب شېئىرىيىتى بىلەن مۇستەھكەم باغلىنىشلىقتۇر.

---

① يۇقىرىدىكى ئەسەر، 48 - بەت.

② پەرۋىز ناتىل خانلەرى «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى» تېھران، ھىجرىيە 1361 - يىل نەشرى، 89 - 84 - بەتلەر،

ئالەمدە ئەسكەرتىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەرۇز ئىلمى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئوتتۇرا ئاسىيادا 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن كېيىن يېڭىچە ئۇسۇللاردا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ دەۋرلەردە پارس تىللىق ئەدەبىياتتىكى ئەرۇزشۇناسلىق ئىلمى بىلەن تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتىكى ئەرۇزشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنى قىزىقتۇرغان كونكرېت تېمىلار خاراكتېر جەھەتتىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ.

بۇ دەۋردە پارس تىللىق ئەدەبىيات ئىران ۋە تاجىك ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنۈپ بولغانىدى. تۈرلۈك سىياسىي - ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىران ئەدەبىياتى بىلەن تاجىك ئەدەبىياتى ( ئىراننىڭ سىرتىدىكى پارس تىللىق ئەدەبىيات) ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە ئوخشىمىغان تىندىنسىيەگە ئىگە بولۇپ، ئوخشىمىغان يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ پەرقى تەدرىجىي چوڭىيىشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەدەبىي، ئىلمىي مىراسلارنى قېزىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە يەنىلا قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرۇزشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەرنى قايتا نەشر قىلىش ۋە يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ۋەزنىي خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشمۇ مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن كېيىن مەيلى ئىران ياكى تاجىك ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئىشلەنگەن ئىلمىي ئەمگەكلەر بولسۇن، ئۇلاردىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت شۇكى، بۇ دەۋردە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئالىملىرى ئۈچۈن ئەرۇز ئىلمىگە دائىر مىراسلارنى قېزىپ، ئۇنى تېزدىن قايتا يورۇقلۇققا چىقىرىشتىن سىرت ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئەرۇز قائىدىلىرى بىلەن پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئەرۇز قائىدىلىرىنىڭ پەرقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلاش ۋە پارس تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلانغان ئەرۇز ئىلمىنىڭ يېڭى شېئىرىيەتكە ماس كەلمەيدىغان تەركىبلىرىنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئەڭ ئاكتۇئال تېما بولغانىدى.

نەچچە ئون يىل جەريانىدا مەزكۇر تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆپلىگەن يىرىك ئەسەرلەر يېزىلىپ، ئوخشاشمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بەزىلەر ئەرەب ئەرۇزى پارس تىللىق شېئىرىيەتكە ھېچقانداق ئۆزگەرتىشسىزلا ئەينەن قوبۇل قىلىنغان دېسە①، يەنە بەزىلەر ئەكسىچە خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئۆلچەملەشتۈرگەن بەھرلەرنىڭ نۇرغۇنى ئەسلىدە ئەرەبلەردە يوق ئىدى، بۇلار پارس تىللىق شېئىرىيەتتىن قوبۇل قىلىنغان دەيدىغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ خىل قاراشلارنىڭ ھەممىسى گەرچە بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆز نۆۋىتىدە تارىختىن قېپقالغان نۇرغۇن مۇجمەللىكلەرنى روشەنلەشتۈرۈشتە خېلىلا ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى.

---

① بەھرام سىيرۇسىنىڭ «تاجىك ئەرۇزى» 13 — 12 - بەتلەرگە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

بۇ دەۋردە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ نەۋائى ۋە بابىر ئاساس سالغان ئەرۇزچىلىق ئىلمى ئىلگىرىكى «تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت» دېگەن ئومۇمىي گەۋدىدىن ھەرقايسى كونكرېت مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا يۈزلەندۈرۈلۈپ، ئۆزبېك، ئۇيغۇر ۋە ئەزەربەيجان دېگەندەك بىرنەچچە مىللەتنىڭ شېئىرىيىتىگە تەتبىقلانغان ھالدا تەتقىق قىلىندى ۋە بۇ ساھەدە ئاز بولمىغان يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ گەرچە ئەرۇز ئىلمىنىڭ دەۋر ئېھتىياجى بىلەن كونكرېت تۈس ئېلىپ، ئىلگىرى دىققەتنىڭ سىرتىدا قالغان بەزى ئىنچىكە تەرەپلەرنى قېزىپ چىقىرىش، ئەرۇز ئىلمىنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىنى ئۆزئارا بۆلۈنۈپ، يېڭىدىن قېلىپلىشىۋاتقان تۈركىي تىللىرىنىڭ فونېتىك ۋە بوغۇم تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەرگە يول ئېچىپ، ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەرقايسى مىللەتلەردە تەتقىقاتنىڭ دائىرىسى، سىجىللىقى ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى زور دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپ، بەزى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا خېلى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنە بەزى مىللەتلەردە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ساھەدىكى تەتقىقات بىر ئىزدا توختاپ قالغانىدى. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئەرۇز ئىلمى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان شىنجاڭدا بىر نەچچە پارچە ماقالىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ ساھەدە ھېچقانداق خىزمەت ئىشلەنمىدى.

شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، چەتئەللەردە بۇ ساھەدە ئىشلەنگەن بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ئۇلاردا تارىختىن بۇيانقى نۇرغۇن مەۋھۇملۇق ئىلمىي نۇقتىدىن رۇشەنلەشتۈرۈلگەن، قانۇنىيەتلەر ئەمەلىيەت يۈزىسىدىن شەرھلىنىپ، ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرىدە قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن كۆرە ئەرۇز ۋەزنىنىڭ ئۇ ياكى بۇ بەھرىگە توغرا كېلىدىغان قايسى بىر قەدىمكى قوشاقنىڭ ۋەزنىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شۇنچە ئېنىق خاتىرىلەرگە پىسەنت قىلمىغان ھالدا ئەرۇزنىڭ خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئىجادىيىتىدىن ئىلگىرىلا ئۇ ياكى بۇ خەلقنىڭ شېئىرىيىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش خاھىشى خېلىلا ئېغىر دەرىجىدە ئىپادىلەنگەنىدى. شىنجاڭدىمۇ ئەرۇز ئىلمىنىڭ ھەقىقىي تارىخىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەزى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ خىل ئۇرۇنۇشلار بىرەر ئۈنۈملۈك نەتىجە بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەرۇز ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىجادچىسى ۋە تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا نۇرغۇن مۇجمەللىكنى پەيدا قىلدى.

ئەرۇز ئىلمى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە بىر نەرسىنى ئالدىن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ شېئىر ۋە ۋەزىن چۈشەنچىسىدۇر. شېئىر بىر خىل

سەنئەت سۈپىتىدە پەيدا بولغان كۈندىن تارتىپ ۋەزىنمۇ ئۇنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. شۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، ۋەزىن بولمىسا شېئىرمۇ بولمايدۇ. ۋەزىن شېئىرنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئەڭ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى. قەدىمكى قوشاقلارمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە. تاۋۇشلۇق تىللارنىڭ ھەرقانداقى، جۈملىدىن رۇس ۋە ئىنگلىز تىللىرىدىكى ۋەزىنلىك شېئىرلارنىمۇ ئەرۇزنىڭ ئۇ ياكى بۇ بەھرىگە چۈشۈرۈشكە بولىۋېرىدۇ، لېكىن ئۇ ئىنگلىز ۋە رۇسلاردىمۇ ئەرۇز ۋەزنى مەۋجۇت ئىدى دېگەن چۈشەنچىنى بەرمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى قوشاقلار ۋە قەدىمكى شېئىرلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا ئىجاد قىلىنغان ئەرۇز ۋەزنىنىڭ ئۇ ياكى بۇ بەھرىگە توغرا كېلىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ ئەرۇز ۋەزنى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئىختىراسىدىن ئىلگىرىلا ئۇ ياكى بۇ خەلقنىڭ شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت ئىدى دېگەندەك قاراشقا دەلىل بولالمايدۇ. ۋەزىن ھەرقانداق بىر شېئىرىيەتتە مەۋجۇت بولىدىغان قانۇنىيەت. تاۋۇشلۇق تىللاردىكى ھەرقانداق شېئىرنىڭ ئەرۇز ۋەزنىنىڭ ئۇ ياكى بۇ بەھرىگە توغرا كېلىپ قېلىشى دەل شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىندىن ئىبارەت ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ئەرۇز ۋەزنى نەزەرىيىسى ئەمەس. يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى شېئىرىيىتىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولغان ۋەزىن — ئاھاڭدارلىق ۋە رىتىمىي قانۇنىيەت تۇنجى قېتىم ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەھمەد تەرىپىدىن بايقالدى. ئۇ ئۆزى بايقىغان قانۇنىيەتلەرنى مەلۇم ئاساستا رەتلەپ، يېڭى ئامىللار بىلەن بېيىتىپ مۇكەممەللەشتۈردى ۋە ئۇنى بىر مۇكەممەل نەزەرىيە سۈپىتىدە تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ شېئىرىي ئەسەرلەردە ئىنسانلارنىڭ ھېسسىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئۇلارنى ھاياجانغا سالالايدىغان ئامىللاردىن ئاڭلىق يوسۇندا پايدىلىنىش ئۈچۈن كەڭ يول ئاچتى. شۇڭا، ئەرۇز ئىلمىنىڭ خەلىل ئىبنى ئەھمەد تەرىپىدىن بىر نەزەرىيە سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەرەب بولغانلىقى ھەم بۇ نەزەرىيەنى كەشىپ قىلغاندا ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ قانۇنلىرىنى ئاساس قىلغانلىقى — ئەرۇز ئىلمىنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئەرەب ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەنلىكى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىلمىي پاكىتتۇر. ئۇنىڭ بىر ئاددىي نەزەرىيىدىن تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەل بىر نەزەرىيىۋى سىستېمىغا ئايلىنىشى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىدىن ھالقىپ، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى — پارس - تاجىكلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شېئىرىيىتىگە تەتبىقلىنىشى بولسا كېيىنكى ئىش بولۇپ، ئۇ نەچچە ئەسىر مابەينىدىكى ئاز بولمىغان ئالىملارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ بۆشۈك مەدەنىيىتى ۋە ئادەتلىرى

ئابدۇرېشىت ئىبراھىم، گۈلشات قادىر

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ يېتۈك ئەقىل - پاراسىتى، باتۇرلۇقى، يېڭىلىق يارىتىشتىكى چېۋەرلىكى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئاجايىپ مول، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى، شۇنداقلا ھۈنەر - سەنئەت، (قول - ھۈنەرۋەنچىلىك) جەھەتلەردىمۇ ئاجايىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي خاسلىق جەھەتلەردە باشقا مىللەتلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەسلىھەلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي خاسلىق بىلەن جۇلالىنىپ تۇرمۇشىمىزغا چوڭقۇر سىڭگەن، تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان بۆشۈك — قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتىلا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ قالماي، بۆشۈككە خاس مەدەنىيەت بىلەنمۇ گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۆشۈك — تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئۆز ھايات مۇساپىسىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىغا ئاساسەن ئۆز پەرزەنتلىرى، ئەۋلادلىرىنىڭ ساغلام، ئەقىللىق چوڭ بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ بۆشۈكتىن ئىبارەت ئەڭ ساغلام، تىنچ، خاتىرجەم ياشاش ماكانىنى ھازىرلاپ بەرگەن، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ بۆشۈكنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندۇرغان ئىدى. شۇڭا بۆشۈككە دائىر مول ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن، پائالىيەت، مول ئەنئەنىۋى بىلىملەر بۆشۈك بىلەن بىرگە تۇرمۇشىمىز رىتىمىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ خىل قائىدە - يوسۇنلار بىرىكىپ، ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ، مىللىي ئەنئەنە، مىللىي ھېسسىياتنىڭ بىرىكىشى بىلەن بۆشۈككە خاس مەدەنىيەت، يەنى «بۆشۈك مەدەنىيىتى» نى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بۆشۈك مەدەنىيىتى مىللىي ئەنئەنە، مىللىي ھېسسىيات ئادەت كۈچىنىڭ بىرىكىشى بىلەن شۇ مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن مىللىتىمىز قەلبىگە، روھىي قاتلىمىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بولغاچقا، مىللىتىمىز بىلەن بىرگە ئىزچىللىقنى ساقلاپ ھازىرغىچە ياشناپ كەلمەكتە.

بۆشۈك ئۇيغۇرلاردا ئومۇمىي مەدەنىيەت ھادىسىسى بولسىمۇ، لېكىن رايون پەرقى تۈپەيلىدىن ھەرقايسى جايلاردا بۆشۈك شەكلى ۋە بۆشۈككە مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەردە ئورتاقلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر قىسىم پەرقلەرمۇ شەكىللەنگەن. مەن تۆۋەندە تۇرپان ئۇيغۇرل-

رىنىڭ بۆشۈك مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىمەن.

ھازىر تۇرپاندا يەرلىك بۆشۈك ۋە قەشقەر بۆشۈكىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بۆشۈك ئىشلىتىلىدۇ.

1. تۇرپان يەرلىك بۆشۈكىنىڭ ئۆلچەملىرى

بۆشۈكنى شەكىللەندۈرگەن ھەرقايسى بۆلەكلەر بىر پۈتۈنلۈك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۆشۈكتىكى ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ ئۆلچىمى بۆشۈكنىڭ شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى بۆشۈكنىڭ بالا پەرۋىش قىلىش ئالاھىدىلىكى، بالا تەربىيىلەش رولىغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئۆلچەملەر نىسپىي ھالدا مۇقىم بولىدۇ. ئەگەر بۆشۈكنىڭ ئۆلچەملىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتكەندە، بۆشۈك شەكىل جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ بۆشۈكنىڭ ئالاھىدىلىكى، رولىغا تەسىر يېتىدۇ. بۆشۈكنىڭ ئۆلچەملىرى ئىچىدە ئېگىزلىكى مۇقىم، تۇراقلىق بولىدۇ. بۆشۈكنىڭ باشقا بۆلەكلىرىنىڭ ئۆلچەملىرىدە نىسپىي پەرق بولۇپ بۆشۈكنىڭ چوڭ - كىچىكلىك شەكلىدە سەل ئۆزگىرىش بولسىمۇ بۆشۈكنىڭ رولى، ئالاھىدىلىكىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ؛ تۇرپان يەرلىك بۆشۈكىنىڭ ئۆلچەملىرى تۆۋەندىكىچە:

بۆشۈكنىڭ ئېگىزلىكى: 47 سانتىمېتىر (تۇراقلىق).

بۆشۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى: 95 ~ 100 سانتىمېتىرغىچە.

بۆشۈكنىڭ كەڭلىكى: 28 ~ 33 سانتىمېتىرغىچە.

بۆشۈك قاسىقىنىڭ رادىئۇسى: 21 ~ 23 سانتىمېتىرغىچە.

بۆشۈك پۇتى (گەۋدە - كەرگە) نىڭ ئېگىزلىكى: 25 سانتىمېتىر.

باش تەرەپ پۇتىنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلغان يورغىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى: 4.5 سانتىمېتىر. ئىككى تەرەپىنىڭ ئېگىزلىكى: 2.5 سانتىمېتىر.

تۆۋەن تەرەپ پۇتىنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلغان يورغىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 3.51 سانتىمېتىر، ئىككى تەرىپىنىڭ ئېگىزلىكى: 2.5 سانتىمېتىر.

قەشقەر بۆشۈكى كۆركەم بولغاچقا، تۇرپاندا ئۇنى بالا تەربىيىلەش ئۈچۈن ئەمەس كۆرگەزمە بۇيۇم قاتارىدا قويۇپ، ئىشلىتىش ئومۇملاشمىغاچقا، ئۆلچەملىرى ھەققىدە توختالمايمەن. دېمەك، بۆشۈكنىڭ ئۆلچەملىرى شەكلىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە ئۆز ئوبيېكتىغا ماس كەلسە ئۇنىڭ رولى ۋە ئۈنۈمىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ.

2. بۆشۈك جابدۇقلىرى ۋە ئۆلچەملىرى

بۆشۈك مۇۋاپىق ئۆلچەم، شەكىل ۋە جابدۇقلىرى بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۆشۈكنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن بۆشۈك جابدۇقلىرىدىن بىرى كەم بولۇپ قالسا بولمايدۇ. شۇڭا بۆشۈككە زۆرۈر بولغان جابدۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلچەملىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

1) كەرگە: كەرگە ئۇزۇنلۇقى 100 ~ 105 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر، پۇختا رەختلى ئىككى قات قىلىپ تىكىپ، بۆشۈكنىڭ باش تەرىپىدىن تۆۋەن تەرىپىگە 50 سانتىمېتىر يەردىن دىئامېتىرى 5 سانتىمېتىر كېلىدىغان كۆلتۈك تۆشۈكى ئېچىپ تەييارلىنىدۇ.

2) كەرگىسى: كەرگە رەخت تەييار بولغاندىن كېيىن، كەرگە ئۇزۇنلۇقى بىلەن تەڭ باش بارماق توملۇقىدىكى تەكشى ئۈجمە نوتىسىدىن ئىككى تال تەييارلاپ، كەرگە رەختىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ، شوينا بىلەن بۆشۈكنىڭ ئىككى يېنىغا چىڭ تارتىلىدۇ. باش ۋە تۆۋەن تەرىپىمۇ ئوخشاش تارتىلىدۇ، بۇ كەرگە دەپ ئاتىلىدۇ. بۆشۈككە رەسمىي تارتىلغان كەرگىدىن تۇك - تۇك قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ.

3) ئۇۋدا: ئۇۋدا ـــ ئۇزۇنلۇقى 90 ~ 95 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 25 ~ 30 سانتىمېتىر بولىدۇ. كۆلتۈك تۆشۈكى ئۇدۇلىغا تۆشۈك تېشىلىدۇ. ئۇ پاختىلىق، ئەستەرلىك دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

4) يېرىم ئۇۋدا: يېرىم ئۇۋدا كۆلتۈك تۆشۈكىدىن بۆشۈكنىڭ باش تەرىپىگىچە بولىدۇ.

5) باش ياستۇق: باش ياستۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 ~ 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2.3 سانتىمېتىر بولىدۇ. ياستۇقنىڭ ئىچىگە پاختا، تۆگە يۇڭى تىقىپ تەييارلىنىدۇ.

6) بىزىندە: بىزىندىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 13 سانتىمېتىر بولىدۇ. بىزىندە ئادەتتە ئەتراپىغا زىي تۇتقان بىزىندە، گۈللۈك بىزىندىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. گۈللۈك بىزىندە كۆپ ھاللاردا دۇخاۋىغا مۇدەن گۈلى، جۇخۇا گۈلىنىڭ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈپ ئىشلىنىدۇ. بىزىندە ئىككى قات رەختتىن تىكىلىپ، ئۇچى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە بولىدۇ. بىر بۆشۈككە ئىشلىتىلىدىغان ئىككى بىزىندە باش بارماق توملۇقىدىكى تەكشى ئۈجمە نوتىسىغا ئۆتكۈزۈلۈپ بۆشۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئىككىنچى چېتىقىغا ئورنىتىلىدۇ.

7) بىزىندە يىپى: بىزىندە يىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1 سانتىمېتىر بولىدۇ. بىزىندە يىپى ئىگىرىلگەن پاختا يىپتا پىششىق، چاچتەك ئۆرۈلىدۇ. يىپنىڭ ئۇچىغا يەنە 15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا قىزلارنىڭ كوكۇلا چېچىدەك ئىنچىكە ئۆرۈلگەن پوپۇك، جۇلا بېكىتىلىدۇ.

8) ساغىر ياستۇقى: ساغىر ياستۇقى 2 بولىدۇ. ساغىر ياستۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2 ~ 3 سانتىمېتىر بولىدۇ، ساغىر ياستۇقى چىڭ تىكىلىدۇ.

9) پوت ياستۇقى: پوت ياستۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 ~ 25 سانتىمېتىر، كەڭلىكى

15 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 3 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، تىزنىڭ ئاستىغا قويۇلىدۇ.

10) تىزلىق لاتا: تىزلىق لاتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر بولىدۇ. تىزلىق لاتا ئۈچۈن ئادەتتىكى لاتىلارمۇ، مەخسۇس كەشتىلەنگەن لاتىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

11) شۆمەك: شۆمەك ئوغۇل بالا ئۈچۈن ياڭاق، چۆلۈك ياغاچلىرى قىرىپ، سىلىقلىنىپ تەييارلىنىدۇ. شۆمەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر بولىدۇ. قىز بالا ئۈچۈن شۆمەك ئوغلاقنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ تۆۋەن سۆڭىكىدىن تەييارلىنىدۇ. شۆمەك بالىنىڭ ئەزالىرىنى جاراھەتلەندۈرۈپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىزدۇرۇلغان ماي سۈركەپ سىلىقلىنىدۇ.

12) كۆلتۈك: كۆلتۈك ياخشى پىشقان قاپاق، چۆمۈچتىن مۇۋاپىق تاللىنىپ، قاپاقنىڭ بېشى، چۆمۈچنىڭ ساپىقى ئېلىۋېتىلىپ، مۇۋاپىق تۆشۈك ئېچىپ تەييارلىنىدۇ. ھازىر قاپاق، چۆمۈچنى كۆلتۈك قىلىپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ. ئاساسەن شىشىدىن ياسالغان كونسېرۋا قۇتىلىرىنى كۆلتۈك قىلىپ ئىشلىتىدۇ.

### 3. بالىنى بۆشۈككە سېلىش

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بالا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى كىيىم - كېچەكلەرنى تەييارلىسا، بالا تۇغۇلۇشتا كېلىشمەسلىككە ئۇچرايدۇ، دېگەن قاراش بىلەن بالا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى بالىنىڭ كىيىم - كېچەك، بۆشۈك جابدۇقلىرىنى تەييارلىمايدۇ. بالا تۇغۇلۇپ قىز - ئوغۇللۇقى ئايرىلغاندىن كېيىن، بالىنىڭ كىيىم - كېچەك، بۆشۈك جابدۇقلىرى رەڭ ئايرىمىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ. بالا ئوغۇل بولسا، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەڭگى ئاساسەن ئاق - قارا رەڭدە بولىدۇ. ئوغۇل بالىنىڭ بۆشۈك جابدۇقلىرى قارا، جىگەر رەڭدە بولىدۇ؛ قىز بالىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، بۆشۈك جابدۇقلىرى گۈللۈك، رەڭلىك بولىدۇ. بىر ئائىلىگە نىسبەتەن تۇغۇلغان بالا تۇنجى بولسا، بۆشۈك، بۆشۈك جابدۇقلىرى تۈر بويىچە يېڭىدىن تەييارلىنىدۇ. تۇنجى تۇغۇت بولمىسا ياكى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئاكا - ئاچىلىرى بولسا ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن بۆشۈكنىڭ جابدۇقلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. چۈنكى، ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن بۆشۈكنى ئىشلەتسە، بىرىنچىدىن، ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كونا بۆشۈك ئىشلىتىلسە، بالا بۆشۈكتىكى مەزگىلدە يۇۋاش بولىدۇ، يىغلاڭغۇ بولمايدۇ، قوقاقلاردىن خالىي چوڭ بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈن ئىچىدە بوۋاق پاكىزە يۇيۇپ - تازىلىنىپ ئىسىم قويۇلىدۇ. تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ بوۋىلىرى ئىسىم قويالمىسا، ئىسىم قويۇشقا شۇ تەۋەدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىنى چاقىرىپ ئىسىم قويدۇرىدۇ. ئىسىم قويۇپ بەرگۈچىگە ئۆي ئىگىسى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ لايىقىدا داستىخان قويۇپ رازى قىلىدۇ. بالىغا ئىسىم قويۇشتا بالىنىڭ ئۆز

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تاللىشى ھۆرمەت قىلىنغاندىن سىرت، ئەسەبىكىمۇ ئېتىبار بېرىلىدۇ. بالىغا ئىسىم قويۇشتا بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، بوۋا ـ مومىسى، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قاتنىشىپ ئاددىي بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بالىنىڭ ئىسمىنى مۇبارەكلەپ ياخشى تىلەكلەر بىلەن دۇئا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بالىغا ئىسىم قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بالا 7 كۈنلۈك بولغان ئارىلىقتا بۆشۈككە سېلىپ بولىدۇ. بۆشۈككە سېلىشتا، تۆۋەندىكى قائىدە ـ يوسۇنلار-نى ئادا قىلىدۇ.

1) بالىنى بۆشۈككە سېلىشتا بالىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ياكى بالا تۇغۇلغان مەھەللە-دىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر، دىنىي بىلىمى بار، چوڭ ياشلىق 7 ئايال چاقىرىلىپ ئانىلار ھەققىدە ئامانلىق خەتمىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئامانلىق خەتمىسىگە تۇغۇلغان بالىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ياكى شۇ تەۋەدىكى 3 ياشتىن 9 ياشقىچە بولغان بالىلاردىن 7 ياكى 9 بالا قاتناشتۇرۇلىدۇ. بۇ يەردە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭمۇ 7، 9 سانلىرىنى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بالىلار ئامانلىق خەتمىسىنى ئوقۇلۇپ بولغۇچە ئامانلىق خەتمىسىنى ئاڭلايدۇ. ئامانلىق خەتمە-سى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ياغقا سېلىنغان بوغۇرساق، پوشكاللارنى داستىخانغا 7 يەرگە تىزىپ، ئانىلار ھەققىدە دۇئا قىلىنىدۇ.

2) بۆشۈكنىڭ ھەممە جابدۇقلىرى تەق قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئارچا ياپرىقى، ئارچا تەمچى، كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ ئوت يېقىپ ئىسرىق سالىدۇ. بالا قىز بولسا گۈلسۇرۇخ بەرگى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۆشۈك جابدۇقلىرىغا ئىسرىق سېلىپ بولغاندىن كېيىن، بۆشۈككە يېڭى تاۋار كۆرپە يېيىلىپ، ئىسرىقداننى بۆشۈك ئۈستىدە ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ ئاندىن بۆشۈككە سېلىنىدىغان بالىنىڭ ئۈستىدىن ئۈچ قېتىپ ئايلاندۇرىدۇ.

3) بالا بۆشۈككە سېلىنىشتىن ئىلگىرى ئانىلار ھەققىدە دۇئا قىلىنغان پوشكالدىن بىرنى نان ئۈستىگە قويۇپ جۈپلەپ، پوشكالغا يۇلغۇن ياكى ئارچا نوتىسىدىن تەييارلانغان 15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 7 تال پەلكۈشنى سانجىپ ئوت ياقىدۇ. بالىنى بۆشۈككە سېلىشقا چاقىرىلغان 7 ئايالدىن ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋىرى بالىنى بۆشۈككە سېلىشقا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تاللىنىدۇ، رىياسەتچى ئايال مەشئەل ياندۇرۇلغان پوشكال، ناننى ئېلىپ بۆشۈكنىڭ ئاستى ـ ئۈستى ھەممە يېرىنى ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ ھەم بۆشۈككە سېلىنىدىغان بالىنىڭ ئەتراپىدا ئۈچ نۆۋەت ئايلاندۇرۇپ، بۆشۈكنىڭ باش تەرىپىگە قويۇپ، بالىنى قولىغا ئېلىپ، بەختىنىڭ ئوتقاشتەك چېچەكلىسۇن، دەيدۇ (بۇ بەلكىم شامان دىنىنىڭ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۆشۈك مەدەنىيىتىگە سىڭىپ قالغان ئىزناسى بولۇشى مۇمكىن). رىياسەتچى ئايال دۇرۇد ئوقۇپ، بالىنىڭ پېشانىسىگە سۈيۈپ قويۇپ، بۆشۈككە بۆلەپ بولغاندىن كېيىن مەشئەل يېقىلغان پوشكالنى يەنە بۆشۈك ئۈستىدە ئوڭغا ئۈچ نۆۋەت ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ ھويلىغا قويۇپ قويىدۇ. ئۇ مەشئەللەر قانچە ئۇزۇن كۆيسە بالىنىڭ ئۆمرى شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ

دەپ قارىشىدۇ. ئاندىن رىياسەتچى ئايال بۆشۈكنىڭ سول تەرىپىدە ئانا بولغۇچىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ:

*مىيالڭ - مىيالڭ مۆشۈكۈم،*
*ئاشنى بەرسەم ئىچىدۇ.*
*يەرنى كولاپ چىچىدۇ،*
*يۈزنى سىپاپ يۇيىدۇ.*
*مىياڭلىماي جىم ياتقىن،*
*بالام يىغلاپ كېتىدۇ.*

دېگەچ، تەييارلانغان بوغۇرساق، كەمپۈت، ناۋاتلارنى چاقىرىلغان باللارغا بۆشۈك ئاستىدىن سۇنىدۇ. بۇ چاغدا باللار:

— ئىڭگى ماما — دەپ بۆشۈكنىڭ ئاستىدىن قولىنى سۇنسا، ئۇ ئايال:

— مانا ساڭا، — دەپ تەييارلانغان بوغۇرساق، توقاچ، مېچە - چېۋىلەرنى باللارغا بىر - بىرلەپ سۇنۇپ بېرىدۇ (باللارنىڭ «ئىڭگى ماما» دېيىشى ئەسلىي قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىر تىلىمىزدا ساقلىنىپ قالغان ۋارىيانتى بولۇپ، ئانا ماڭا، دېگەنلىك بولىدۇ)، شۇنىڭ بىلەن باللىنىڭ بۆشۈككە سېلىش پائالىيىتى ئاخىرلىشىدۇ. باللار، ئاياللار تارقاپ كېتىدۇ. ئاندىن ئەر تەرەپ قۇدىلار تۇغۇتلۇق ئانىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆزلىرى ئاتىغان ئېسىل كىيىم - كېچەك (ئانا ۋە باللىغا)، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى بۆشۈك ئۈستىگە يوپۇق قىلىپ ياپىدۇ. ئانا تەرەپ قۇدىلار رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىپ، يوپۇقنى ئېچىپ، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. قۇدىلار مول داستىخان تەييارلاپ ئۆزئارا مېھمان بولۇشىدۇ.

4. پەرھىز تۇتۇش

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن پەرھىز تۇتۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. بالا تۇغۇلۇشى بىلەن ئىشىك بېشىغا قىزىل تاۋاردىن توغ ئاسىدۇ. توغ ئېسىشنىڭ ئىككى مەنىسى بار. بىرى، توغ ئېسىلغان ئۆيدە يېڭى تۇغۇلغان باللىنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بېرىپ، يات ئادەم ياكى سەپەردىن قايتىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ بىۋاستە ئۆيگە كىرىشىدىن پەرھىز تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، يات ئادەم ياكى سەپەردىن قايتىپ كەلگەنلەر بىۋاستە يېڭى تۇغۇلغان بالا بار ئۆيگە كىرسە باللىغا ئۇچۇق، قورقاق تېگىدۇ، يىغلاڭغۇ، قەغىش بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېڭى سەپەردىن قايتىپ كەلگەن بولسا ئىشىك بېشىغا ئېسىلغان توغنى كۆرسە بىۋاستە ئۆيگە كىرمەي، ئىشىك تۈۋىدە توختاپ، ھاردۇقىنى چىقىرىپ، ئۈستىۋېشىدىكى چاڭ - توزاڭنى قېقىشتۇرۇپ ئۆيگە كىرىدۇ. يەنە

www.uyghurkitap.com

بىرى، ئېسىلغان تۇغ تۇغۇلغان بالىنىڭ قىز، ئوغۇللۇقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. تۇغۇلغان بالا قىز بولسا ئۈچ بۇرجەكلىك تۇغ ئېسىلىدۇ، بالا ئوغۇل بولسا تۆت بۇرجەكلىك تۇغ ئېسىلىدۇ.

بۆشۈكتىكى بالا بۆشۈكتە چۆچۈپ، قورقۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بالىغا ھەمراھ بولىدۇ دەپ تىلتۇمار پۈتتۈرۈپ بۆشۈككە ئېسىپ قويغاندىن سىرت، بۆشۈكتىكى بالا قىز بولسا باش ياستۇقىنىڭ ئاستىغا كىچىك قايچا، كىچىك ئەينەك باستۇرۇپ قويىدۇ. بۇ قىزلارنىڭ پىشخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ باشلىنىشى ۋە بۆشۈك مەدەنىيىتىدە ئەكس ئېتىشى مۇمكىن. بالىغا كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۆشۈككە ياكى بالىنىڭ بىلىكىگە كۆزمونچاق ئېسىپ قويىدۇ. بۆشۈكتىكى بالا ئوغۇل بولسا، باش ياستۇقىنىڭ ئاستىغا كىچىك قەلەمتىراچ باستۇرۇپ قويغاندىن سىرت، بالا چوڭ بولغاندا باتۇر، قورقماس، چېۋەر بولسۇن دەپ بۆشۈككە بۆرە ئوشۇقى ئېسىپ قويىدۇ. بۆرە ئوشۇقىنى بۆشۈككە ئېسىش ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېم مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈك مەدەنىيىتىگە سىڭگەن ۋارىيانتى بولۇپ، ئوغۇللارنىڭ پىشخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ بۆشۈكتە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

بالا بۆشۈكتىن يېشىۋېلىنغاندىن كېيىنمۇ بالىنى يىغلاتقۇ، قەغىش بولۇپ قالىدۇ دەپ بۆشۈكنىڭ ئۈستىنى ئوچۇق قويمايدۇ ھەم بۆشۈكنى قۇرۇق تەۋرەتكىلى قويمايدۇ.

تۇغۇلغان بالىنىڭ ئىدەسى چىقماي تۇرۇپ بالىنى يوقلاپ كىرگەن يات كىشىلەرگە بالىنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئادەتتە بالا تۇغۇلۇپ 7 كۈن، 12 كۈنلۈك بولغۇچە ئىدە ئىچىدە ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا تۇغۇت يوقلىغانلار 7 كۈن ياكى 12 كۈندىن كېيىن يوقلايدۇ.

بوۋاقنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرى بوۋاقنى كۆرۈشكە كىرسە ئانا بولغۇچى كىرگەن بالىلارغا ئاۋۋال تەييارلاپ قويغان ناۋات، قەنت - گېزەكلەرنى بېرىپ، ئاندىن بوۋاقنىڭ يۈزىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە كۆيۈمى بولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ بىر قورساق قېرىنداشلىرى ئۇ بوۋاقنى كۆرگىلى كىرسە ئاۋۋال بوۋاقنىڭ پۇتىنى، ئاندىن بوۋاقنىڭ يۈزىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندا قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە مېھرى چۈشىدۇ، بىر - بىرىگە كۆيۈمچان بولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

تۇغۇلغان بالىنىڭ قىرقى توشقاندا چېچىنى چۈشۈرىدۇ (ھازىر قىرقىغا قارىماي چېچىنى چۈشۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار)، بۇنى قىرقى چېچى، يەنى قورساق چېچى دەپ ئۇلۇغلاپ تۈگۈنچەك تۈگۈپ بۆشۈك كەرگىسىنىڭ قېتىغا قىستۇرۇپ ساقلايدۇ.

5. بۆشۈكتىكى بالىنى ئائىلىدە ئەملەش (ئاددىي داۋالاش)

بۆشۈكتىكى بالا ئۆز جىسمىدىكى تۈرلۈك بىئاراملىق ئىپادىلىرىنى تىل ئارقىلىق ئىپادە-

لەپ بېرەلمىسىمۇ، يىغلاش، قەغىشلىك قىلىش، ئۇيقۇسى ئاز بولۇش ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. تۇرپاندا ئانىلار بالىنىڭ ھەرىكەت ئىپادىسىگە ئاساسەن مۇناسىپ يەرلىك تەدبىر قوللىنىپ بالىنى ئائىلىدە ئەملەش ئېلىپ بارىدۇ.

1) بۆشۈكتىكى بالىنى ئاشلاش

بۆشۈكتىكى بالا كېسەل بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئورۇنسىز يىغلاپ، قەغىشلىك قىلىپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ ياندۇرىدۇ. بۇ ھالنى ئانىلار، بالىغا باشقىلارنىڭ ئېشى كىرىپ قاپتۇ، دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بالىنى دوختۇرغا كۆرسەتمەي مەخسۇس بالا ئاشلايدىغان چوڭ ياشلىق ئايالغا ئاشلىتىدۇ. بۇ ئايال بالىنىڭ تۈرلۈك ئىپادىلىرىنى سوراش، بالىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئاشلاش ئۇسۇلىنى ئۆزى تاللايدۇ. قورسىقى كۆپۈپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلغان، ياندۇرغان بالىنى پارچە نان، كېپەك بىلەن ئاشلايدۇ. بالىنى ئاشلاشتا باشتىن تارتىپ تۆۋەنگە رىتىملىق، تەرتىپلىك باسىدۇ. ئايەت ئوقۇيدۇ ھەم ئاش، ئاش، ئاچ بولساڭ ئېچىپ چىق، قورقاق بولساڭ كۆچۈپ چىق دېگەنگە ئوخشاش بىر يۈرۈش قاپىيىداش سۆزلەرنى تەكرارلايدۇ. بالىنى ئاشلاپ بولغاندا بالىنىڭ قورسىقىدىكى يەل يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

ئەسنەيدىغان، لېكىن ئۇخلىيالماي قەغىشلىك قىلىپ، ئارام ئالالمايدىغان بالىنى ئاياغ (كالاچ)، بۆك بىلەن ئاشلايدۇ. قەغىشلىك قىلىپ، كۆزى قىزارغان بالىنى كۈل بىلەن ئاشلايدۇ. ئاشلاشنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ئىپادىسى ئاشلىغان ئايالدا ئەكس ئېتىدۇ. ئايال بالىنى ئاشلاشقا باشلىغاندا ئىختىيارسىز ئەسنەپ، گەجگىسى قورۇلۇپ بىئارام بولىدۇ. ئېغىر بولغاندا ئۇ ئايال كەينى - كەينىدىن ئەسنەپ، چۈشكۈرۈپ، ياندۇرۇپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالا ئوڭشىلىپ قالىدۇ.

2) تىلىنى كېسىش

بۆشۈكتىكى بالا تىلىنى چىقىرىپ، ئېغىزدىن كۆپۈك قاينىتىپ ئېمىشنى رەت قىلسا، بالىغا تىل تېگىپتۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن «تىل كېسىش» ئېلىپ بارىدۇ. «تىل كېسىش»تە بالا بار ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى يەتتە قوشنا ئۆيدىن يەتتە تال، يەتتە رەڭلىك پۇرۇچ، ھەربىر ئۆيدىن بىر تالدىن تەمەچ يىغىدۇ. يىغىلغان پۇرۇچ بىلەن بالىنى ئاشلىغاندەك بالىنىڭ بېشىدىن تۆۋىنىگە بىر نۆۋەت تەگكۈزۈپ چىقىپ، پۇرۇچلارنى قايچا بىلەن يەتتە يەردىن كېسىدۇ. كېسىلگەن پۇرۇچ پارچىلىرىنى يىغقان تەمەچ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئوت يېقىپ بالا ۋە بۆشۈككە ئىسرىق سالىدۇ.

3) پاقا بېسىش

بۆشۈكتىكى بالا غولىنى قورۇپ، بويىنىنى كەينىگە تولغاپ، ئىختىيارسىز ئىنجىقلاپ، قىزىرىپ كېتىدۇ. بالىدا بۇ ھالەت كۆرۈلسە «پاقا» بولۇپ قاپتۇ دەپ ئاتىشىدۇ. بالىدىكى

بۇ ئەھۋالنى ئوڭشاش ئۈچۈن بالىنىڭ قولىنى پاقا بارماق ئادەمنى تېپىپ ئۈزۈلىتىدۇ، قارا كىگىزدىن پاقىنىڭ شەكلىنى كېسىپ، بۆشۈك ئۈزۈدىسىنىڭ تەكتىگە، بالىنىڭ قولىغا ئۇدۇل كەلتۈرۈپ باستۇرۇپ قويىدۇ.

4) تەگلىگە بېسىش

بۆشۈكتىكى بالا كۇندۇزى ئۇخلاپ، كېچىسى ئۇخلىمايدىغان بولۇپ قالسا، بۇنى «كېچىنى كۇندۇز قىلىۋاپتۇ» دەپ ئاتىشىدۇ. بالىدىكى بۇ خىل پىسخىك ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۇرلۇك مۇناسىپ ئۇسۇللارنى قوللانغاندىن سىرت بالىنى تەگلىنىڭ ئاستىغا بوسۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

5) باش تەگلەش

بالا ئاسادىيى يىقىلىپ كېتىپ، بۆشۈكتە بېشى چايقىلىپ كېتىپ، ئىچى سۇرۇپ، كۆز قارىچۇقىنى يىغالمايدىغان ئالامەتلەر ئەكس ئەتسە، بېشى تەڭ بولۇپ قاپتۇ دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن 5 سانتىمېتىر كەڭلىكتە، بالىنىڭ بېشىغا 2 ـ 3 نۆۋەت ئورالغۇدەك داكا ياكى يەرلىك ماتا تەييارلاپ، رەختكە تۇخۇم سېرىقىنى تەكشى سۇركەپ، بالىنىڭ بېشىنى چىڭ ئورايدۇ. بالىدا ئەكس ئەتكەن ئالامەتلەر يېنىك بولسا، بىر ياكى ئىككى نۆۋەت بېشىنى تەگلەش بىلەن ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

يۇقىرىقىلار بۆشۈك بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان كۆزقاراش، ئۆرپ ـ ئادەتتىن ئىبارەت. ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ مەلۇم ئاساس ۋە كۆزقاراش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان، شۇڭا بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەلۇم ئىلمىي ئاساسى بارلىقى تەبىئىي.

6. بۆشۈك توي

ئانىنىڭ تۇنجى تۇغۇتى بولسا، بالا تۇغۇلۇشتىن بىر ئاي ئىلگىرى ئادەت بويىچە قائىدە-سىنى قىلىپ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۆز ئانىسىنىڭ ئۆيىدە كۈتۈلىدۇ. بالىنىڭ قىرقى توشقاندىن كېيىن ئانا بىلەن بالىنى ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتىشى ئۈچۈن «بۆشۈك توي» قىلىدۇ. بۆشۈك توي ئادەتتە «ئىدە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۆشۈك توي ئانا بىلەن يېڭى تۇغۇلغان بالىنىڭ ھۆرمىتى بولۇپ، ئانىغا ئېسىل كىيىم ـ كېچەك قىلىدۇ. ئىمكانىيىتى يار بەرگەنلەر ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا ئانىغا مۇۋاپىق ئالتۇن جابدۇق قىلىپ بېرىدۇ. بالا ئۈچۈنمۇ يېڭى كىيىم ـ كېچەك تەييارلىنىدۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ مۇۋاپىق يوقلىنىدۇ.

بۆشۈك تويغا ئاتاپ بۇغداي، قوناق، سېرىق پۇرچاق كىرتنى ئارىلاشتۇرۇپ، قاينىتىپ پىشۇرۇپ، سۈزۈۋېلىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ، تالقان تەييارلايدۇ. بۆشۈك توي بولغاندا

تويغا چاقىرىلغان مېھمانلارغا قورداق، پولۇ تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن شېكەر سۇيىدە يۇغۇرۇلغان تالقان تارتىلىدۇ. تالقانغا قۇرۇق ئۈزۈم، قاق، چىلان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۆشۈك تويى بالا تۇغۇلۇپ 60 كۈنلۈك بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا بولىدۇ. بۆشۈك تويى بولغان كۈنى ئانا بىلەن بالا ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتىلىدۇ. بۆشۈك تويى ئادىتى، ئەھمىيەتلىك بولىدۇ.

ھازىر يېزىلاردا ئاز بىر قىسىم كىشىلەر «شەھەر مەدەنىيىتى» نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بۆشۈك تويىنى رېستورانغا ئېلىپ كىرىپ بۆشۈك تويىنىڭ شەكلىنى، مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىۋەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن مۇشۇ خىل بۆشۈك تويىنى ئۆتكۈزىدۇ.

7. بۆشۈكنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى رولى

1) تۇرپان يەرلىك بۆشۈكنىڭ ئېگىزلىكى مۇقىم 47 سانتىمېتىر بولۇپ، بۆشۈك قورۇلمىسىنىڭ ئاساسى، بۆشۈك ئېگىزلىكىنىڭ تۇراقلىق بولۇشى ئانىلارنىڭ ئولتۇرغاندا كاسىسى بىلەن قولتۇقىنىڭ ئېگىزلىكىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئۆلچەم بۆشۈكتىكى بالىنى ئېمىتىش ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇيغۇر بالىلىرى تۇغۇلۇپ ئانا سۈتىنى ئۈزۈلۈك قىلىدىغان مەزگىلى ئاساسەن بۆشۈكتە ئۆتىدىغان بولغاچقا، بۆشۈكنىڭ ئېگىزلىكى مۇشۇ تۇراقلىق سان بويىچە بولغاندا ئانا بۆشۈك بالدىقىغا ئارتىلىپ، بالىنى ئېمىتكەندە ئانىنىڭ كۆكسى بالىنىڭ ئېغىزى بىلەن ئىنتايىن نورمال تۇتىشىپ، ئانا بىلەن بالا تەبىئىي فىزىئولوگىيىلىك ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك باغلىنىشنى كۈچەيتىپ، بالىنىڭ ئانىغا بولغان ھېس - چۈشەنچىسى، بىلىشىنى تېزلىتىپ، بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئانا بۆشۈك ئۈستىگە كەلگەندىلا بالىنىڭ ئېغىزىنى قۇش بالىلىرىدەك ئېچىپ، ئاۋاز چىقىرىپ ئانىنىڭ كۆكسىگە تەلمۈرۈشى بالىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەشنالىقى بولۇپ قالماستىن ئانىغا بولغان ھېسسىي بىلىشىنىڭ شەكىللىنىشىدۇر. بۆشۈك ئېگىزلىكىنىڭ تۇراقلىق بولۇشى ئانا گەۋدىسىنى ئاساس قىلغاچقا، ئانا گەۋدىسىگە ماسلىشىپ، بالا ئېمىتىشتە چارچاپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۇغۇتتىن كېيىنكى سالامەتلىكىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئانا بۆشۈككە ئارتىلىپ بالا ئېمىتىپ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالغان ئەھۋاللاردا ئانىنىڭ كۆكسى بالىنىڭ نەپەس ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ بۆشۈككە سىڭگەن گەۋدىلىك ئىپادىسى.

2) بۆشۈكنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى، جابدۇقلىرى بۆشۈكنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ بۆشۈكنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. بۆشۈكنىڭ كەرگىسى بىلەن كەرگە چىگىتىپ تارتىلغاندىن كېيىن، بۆشۈك — رەخت تاختىلىق ھەرىكەتچان كارىۋاتقا ئايلىنىدۇ. كەرگە ئۈستىگە ئۇۋدا سېلىنىپ، بالا ياتقۇزۇلغاندا كەرگە رەخت ئېلاستىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى جارى قىلىپ، بالىنىڭ بەدەن بېسىمى چۈشكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورۇنلار سەل ھېسسىلىپ، بالىنىڭ تەن قۇرۇلمىسىغا ماسلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇۋدا، تىزلىق ياستۇق ، ساغىر ياستۇق، باش ياستۇقلار بالىنىڭ بەدىنىگە پېتىپ، بەدەن ئويۇشۇپ قالىدىغان، بالا بىئارام بولىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولماي، بالىنىڭ ياخشى ئارام ئېلىشىدە-كى ئەڭ مۇۋاپىق شارائىت سۇپىتىدە بالىغا راھەت بېغىشلايدۇ. بوۋاقنىڭ يەردە ياتقاندا ياخشى ئۇخلىماي بۆشۈكتە ياخشى ئۇخلىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۆشۈك بىزىندە بىلەن پۇت - قوللارنى مۇۋاپىق تېڭىش، بالىنىڭ بۆشۈكتىكى مۇقىملى-قىنى ساقلاشنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى بوۋاقنىڭ ئەڭ تېز ئۆسىدىغان، سۆڭەكلىرى يۇمران مەزگىلى بولغاچقا، سۆڭەك قانداق ھالەتتە پەرۋىش قىلىنسا، شۇ ھالەتتە ئۆسىدۇ. شۇڭا، بالىنىڭ ئۇستىخانلىرىنىڭ تۈز، بىجىرىم ئۆسۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى ئۈچۈن بىزىندە، تىزلىق لاتىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىلىدۇ.

بالىنى بۆشۈككە بۆلەشتە ئاۋۋال تۆۋەن تەرەپتىن ئىش باشلىنىدۇ، بالىنىڭ ساغىر ياستۇقى شۇمەكنى قىسىپ توختىتىپ، بالىنىڭ يوتىسى بىلەن شۇمەكنى مۇقىملايدۇ. شۇمەك مۇقىم بولمىسا، بالىنىڭ كىچىك تەرىتى كۆلتۈككە چۈشمەي، بۆشۈك ۋە بالىنىڭ كىيىم - كېچەك-لىرىنى، بۆلغاپ تازىلىققا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، بالىنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ تەسىر يەتكۈزى-دۇ. شۇمەك مۇقىملانغاندىن كېيىن، ئانا بىر قولى بىلەن بالىنىڭ تىزىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئالىقىنىنى تۈز ئېچىپ، بالىنىڭ تاپىنىغا تەگكۈزۈپ، تاپىنىنىڭ تەكشى، تۈز بولغان-لىقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، تىزلىق لاتا بىلەن تىزنى مەھكەم ئوراپ مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۈستىدىن بىزىندە بىلەن چىڭ تاڭىدۇ، ئەگەر بالىنى بۆشۈككە بۆلەشتە بۇ تەرتىپكە دىققەت قىلمىسا، بالىنىڭ پۇت - سۆڭەكلىرى ئەكسىچە تەرەققىي قىلىپ، بالا «جەگەن پۇت» ، يەنى بالىنىڭ ئىككى پۇتى نورمال ئۆسۈپ يېتىلگەن باللارنىڭ پۇتىغا ئوخشىماي، ئىككى پۇتىنىڭ سۆڭىكى تاشقىرىغا تومپىيىپ چىقىپ، ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدا رومبا شەكلى پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

بالىنىڭ پۇتى كۆڭۈلدىكىدەك تېڭىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئانا بالىنىڭ غولىنى كۆتۈ-رۈپ، ئۇۋدىغا تەكشى تەگكۈزۈپ، قول - جەينەكلىرىنىڭ مايماق ئۆسۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بالىنىڭ قولىنى سەل ئىچىگە تولغاپ، بېقىنىغا تەگكۈزۈپ، بىزىندە بىلەن مەھكەم تاڭىدۇ. بالا بۆشۈكتە ھەممە ئەزالىرى توغرا ئۆسۈش، تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشى بويىچە ياتقۇزۇلغان بولغاچقا، بالىنىڭ قان ئايلىنىشى، ئۇزۇقلۇق ئالمىشىشى ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ. بالا بۆشۈكتە يېتىپ چوڭ بولسا، ساغلام، تېمەن، تەن قۇرۇلۇشى ئۆلچەملىك، پۇت - قوللىرى جايىدا - بىجىرىم ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

3) بۆشۈك يورغىسى، بۆشۈكنىڭ رېتىملىق، يەڭگىل تەۋرىنىشى ئۈچۈن خىزمەت

قىلىپ، بالىنىڭ رېفلېكسلىق ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدۇ. بالا بۆشۈكنىڭ رىتىملىق تەۋرىنىشىگە ماسلىشىپ، شېرىن ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ نېرۋىسىنى ئارام ئالدۇرىدۇ. بۆشۈكتىكى بالا بىر تەرەپتىن، ئانىنىڭ بۆشۈكنىڭ رىتىملىق، يەڭگىل تەۋرىنىشىگە ماسلاشتۇرۇپ ئېيتقان يېقىملىق، مۇڭلۇق «ئەللەي ناخشىسى»نى ئاڭلاپ، سېزىمىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بولۇپمۇ بالىنىڭ مۇزىكا سېزىمى ئالاھىدە تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئايىغى چىقىپ، تىتاڭلاپ مېڭىشىدىلا مۇزىكا ئاڭلىسا، قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينىشى ئانىنىڭ مۇڭلۇق «ئەللەي ناخشىسى» نىڭ بالا ئېڭىدا ئەكس ئەتكەنلىكىنىڭ، مۇزىكا سېزىمىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۆشۈك يورغىسى يانتۇ تەكشىلىك ھاسىل قىلىپ، بالىنىڭ ئوزۇقلۇق ھەزىم قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۆشۈكنىڭ باش تەرەپتىكى يورغىسى، تۆۋەن تەرەپتىكى يورغىسىدىن بىر سانتىمېتىر ئېگىز بولغاچقا، بۆشۈك تۈز يەردە يانتۇ تەكشىلىك ھاسىل قىلىدۇ، بۇ ھالەت بۆشۈكتىكى بالىنىڭ ئوزۇقلىنىش قانۇنىيىتىگە ماس كەلگەچكە، بالا دائىم بۆشۈكتە يېتىپ ئوزۇقلانسىمۇ بالىنىڭ ھەزىم قىلىشى ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي، بالا ئوزۇقلۇقنى ياخشى قوبۇل قىلىدۇ.

دېمەك، بۆشۈك ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ مىراس قالدۇرغان ھۈنەر - سەنئەت نامايەندىلىرىنىڭ بىرى. بۆشۈككە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادەتلىرى، تۇرمۇش قاراشلىرى، بالا تەربىيىلەشتىكى پاكىزلىك، ساغلاملىق، بەختەرلىك تۇيغۇسى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي خاسلىققا ئىگە ئۆزگىچە مەدەنىيەت بۆشۈكى بىلەن بىرگە ساقلانماقتا. بۆشۈك مەدەنىيىتى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى بېيىتىش، روناق تاپقۇزۇشتا كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ قالماي، بىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنى دەۋر تەلىپىگە ماس، ئەقىل - پاراسەتلىك، ساغلام، سۈپەتلىك تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇشىمىزغا كۆپ ياردەم بېرىدۇ.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۆشۈك مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات بىزنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر بۆشۈك مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى چۈشىنىش ۋە تەتقىقاتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى بۆشۈك مەدەنىيىتى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

# «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق

## بسم‌الله الرحمن الرحيم

### ھەق ـ ئادالەت ۋە ئەخلاقىي تەلەپ

— «ئاچچىق بولغان تەقدىردىمۇ ھەقىقەتنى سۆزلىگىن»
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

«ئايەتلىرىمىزنى جەزمەن ئىشىنىدىغان (يەنى ھەقىقەت ئىزدەيدىغان) قوۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن بايان قىلدۇق»[①] قۇرئاندا خۇش خەۋەر بېرىلگەن يۇقىرىقى بايان ئىنسانىيەت ئۈچۈن قىممەتلىك ھىدايەتنىڭ جۇلاسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەق ـ ئادالەتكە بولغان تەلپۈنۈشى، ئۇنى تەلەپ قىلىشى، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى مەڭگۈلۈك، ئۈزلۈكسىزلىك ۋە ئومۇمىيلىق. ئىنسانىيەت مانا مۇشۇ ئومۇمىيلىق ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئەپسۇسكى، ئادالەتنى، ھەقىقەتنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بىلەن زوراۋان زالىملار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش داۋاملىشىپ كەلدى. گەرچە بارلىق ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەن باراۋەر يارىتىلغان بولسىمۇ، زامان ئۇلارنىڭ بەزىسىگە قۇللۇق تامغىسىنى باستى، بەزىسىنىڭ قولىغا زۇلۇم قامچىسىنى تۇتقۇزدى. دەۋر ۋە زوراۋان ھۆكۈمران كۈچلەر بەخشەندە قىلغان تەڭسىزلىك بالاسى توغرىسىدا جاھالەت ھامىيلىرى: «بۇلارنى تەڭرى ئىرادە قىلغان، بۇنىڭغا بەندىنىڭ ھېچقانداق ئامالى يوق، شۇڭا قۇللار قۇللۇقنى تەقدىرنىڭ قانۇنى دەپ قوبۇل قىلىشى، ھۆكۈمدارلارنىڭ يولسىز، ئادالەتسىز ئەمرىگە شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك» دەپ ئادالەت ئۈچۈن، ھەقىقەت ئۈچۈن تەلپۈنگەن، ھەققانىيەتكە زار خەلقنىڭ روھىنى قامallap كەلگەن ئىدى. نەتىجىدە ھۆكۈمران كۈچلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇققا ئىگە بولۇۋالغانلىقى، ھاكىممۇتلەقلىقى بىلەن تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنى خالىغانچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. قۇللۇق زەنجىرى تۆۋەن تەبىقە خەلقنىڭ پۇت ـ قولىنىلا ئەمەس، ھەتتا تىلىنى ۋە تەپەككۇرىنىمۇ بەند قىلىپ قويغان ئىدى. تەڭرى

---

① قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە 118 ـ ئايەت

ھەقلىق بىلەن باراۋەر يارالقان كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى دەپسەندە قىلىندى. تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى ھېچقانداق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالمىدى، ئۇلار زۇلۇم قامچىسى ئاستىدا ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ مۈلكى ۋە ئۇلاغلىرىچىلىكمۇ ئېتىبارغا ئىگە بولالمىدى، بۇ دۇنيادا ھەممە ئۈچۈن ئورتاق ئىرادە قىلىنغان چەكسىز نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ ياشىدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە خارۇزارلىق بىلەن ئۆتتى. جاپاكەش، مېھنەتكەش خەلقنىڭ پۈتۈن ئىختىيارى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ تويماس نەپسىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى، نەپسى بالا زوراۋانلارنىڭ نەپسى يوغىناۋەردى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ زۇلۇممۇ ھەددىدىن ئاشتى، ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن بولۇۋەردى.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئىجتىمائىي ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇلاردا تۆۋەن تەبىقە بىلەن يۇقىرى تەبىقە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرگە ئادىمىيلىك سۈپەتتە مۇئامىلە قىلىنمايتتى. ئاياللارنى، باللارنى خالىسا ئۆلتۈرەتتى. چۈنكى، ئاياللارنى ئىنتايىن پەس كۆرەتتى. قىز بوۋاقلار تۇغۇلۇپلا ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، تىرىك كۆمۈۋېتىلەتتى. ئىجتىمائىي تەرتىپ بۇزۇلغان بولۇپ، قاراقچى ۋە ئوغرىلار كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا ھەرقاچان تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. قىمارۋازلىق، شەھۋانىيلىق، بەچچىۋازلىق، قاتىللىق، شەخسىيەتچىلىك ھەددىدىن ئاشقان ئىدى. ئۇلاردا مىللەت، دۆلەت ھەققىدىكى ئۇقۇممۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە كەسكىن بولۇپ، بۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بۆلۈنمە ۋە چېچىلاڭغۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. يەر شارائىتى ناچار، تۇرمۇشى نامرات بولغانلىقى ئۈچۈن قەبىلىلەر ئارىسىدا چارۋا، يايلاق، سۇ، يەر تالىشىش يۈزىسىدىن ئۇرۇش يۈز بېرىپ تۇراتتى. قانداشلار ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش ئەۋج ئالغانىدى. بۇ ھال سىنىپىي پارچىلىنىشنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتكەچكە، بىر تەرەپتىن قۇلدارلار، يايلاق خوجايىنلىرى، ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى، سودا ئاقسۆڭەكلىرى مەيدانغا چىققان. دېھقان - چارۋىچىلار ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە كۈچىيىپ كېتىپ، ئۇرۇش جەمئىيەتنى ئەنسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشتى. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەبلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىرلىككە كەلمىگەنىدى. بىر قىسىم ئەرەبلەر خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، بىر قىسىم ئەرەبلەر يەھۇدىي دىنىغا ۋە مۇشرىكلىك (بۇتپەرەسلىك، كۆپ ئىلاھلىق) دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. كۆپ خىل دىنىنىڭ بىرلا ۋاقىت، بىرلا تۇپراقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ

دىنىي ئۇرۇشلارنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئىدى. تارىختىن بۇيان مەلۇم سىياسىي ھۆكۈمران ياكى دىنىي داھىينىڭ ئۆز ئىرادىسى، ئۆز مۇددىئاسى ۋە شەخسىي ئارزۇسى بويىچە يۈرگۈزگەن ھۆكمى بەزىدە پۈتۈن بىر قوۋمنى ۋەيران بولۇش گىردابىغا ئېلىپ كېلەتتى. مىليونلاپ خەلق مەلۇم ئادەمنىڭ ھەققانىي بولمىغان ئىرادىسىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ھەربىر قوۋم ئۆز ئالدىغا قانۇن - تۈزۈم ئورنىتىۋالغان بولۇپ، ئۇ پەقەت مەلۇم تەرەپنىڭلا مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپنىڭ ھەقلىق مەنپەئەتىدىن مەھرۇم قىلىنىۋېتەتتى. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا قۇللۇق تۈزۈمى بىلەن قۇللارنى ۋە ئاياللارنى ئېلىپ - سېتىشتەك قەبىھ - ئەھۋاللار پەيدا بولدى؛ تەڭسىزلىكنىڭ ئېغىرلىششى بىلەن دېھقان - چارۋىچىلار ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. ئومۇمەن، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئېغىر سىياسىي، ئىقتىسادىي كرىزىس پەيدا بولدى. بۇ ھال بىرلىككە كەلگەن، ئادىل، ھەققانىي قانۇن - تۈزۈمى بولغان بىر دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە موھتاج بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. دەل شۇنداق پەيتتە تەڭرىدىن «قۇرئان كەرىم» نازىل بولدى. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دېدى: «ھەقىقەت ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەندۇر، ھەرگىز شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن»[1] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر. ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر.»[2] ھەقىقەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەقىقەتنى كۆرۈش، ھەقىقەتكە ئىشىنىش، ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بولۇش كېرەك. ئەسىر سۈرىسىدە تېخىمۇ كەسكىنلىك بىلەن كىشىلەرگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ: «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر - بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر.»[3] يۇقىرىقى ئايەتتە ناھايىتى مەركەزلىك ۋە ئىخچام ھالدا تەڭرى ئىرادە قىلغان ھەقىقەتنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئىمان ئېيتىش تەڭرىنىڭ ھەقىقىتىگە ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ، ئىماننىڭ ئۆزىمۇ ھەقىقەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىمان ئېيتىش ھەقىقەتكە چۆمۈلۈش دېگەنلىك ئەمەسمۇ. «ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش» ھەقىقەتنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ كۆرسەتكەن ياخشى ئەمەلنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، ئۇ ئاللاھ بەلگىلىگەن بەش پەرزنى ئورۇنلاشتىن باشقا يەنە تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن «ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىيش -

① قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە 147 - ئايەت
② قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە 185 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ قۇرئان كەرىم، سۈرە ئەسىر 1 - 3 - ئايەت.

ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىلەرگە (يەنى پۇل - مىلىدىن
ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، ساھىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىقا ئېرىشىشىگە
پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇل-
لۇقتا، كېسەللىككە ۋە ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ»①يۇقىرىقى
ياخشى ئەمەللەرگە تەۋسىيە قىلىش ھەققە تەۋسىيە قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ياخشى
ئەمەللەرنى — ھەقنى ئورۇنلاشتا چىڭ تۇرۇش، چىدامىلىق بولۇش، ياخشى ئەمەلنى
قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، بۇنىڭدىن يالتىيىۋالماسلىقتا بۇيرۇش سەۋرگە تەۋسىيە قىلىش
بولىدۇ. يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا ئادالەت، ھەققانىيلىق كېلىپ چىقىدۇ. بۇ دەۋەت-
لەر ئاللاھ بۇيرىغان ئادالەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ۋە ماھىيەتلىك تەرىپى
بولۇپ، يۇقىرىقى تەشەببۇسلاردا بىرقانچە مەزمۇن گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ.

زېمىندا ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا چۆمۈلۈش ئۈچۈن ھەقىقەتنى،
ئادالەتنى، ياراتقۇچىنى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇش ۋە ئىشىنىش زۆرۈر بولىدۇ. ئادالەت-
نى، ھەقىقەتنى تونۇماي، ئۇنى سۆيمەي، ھەق يولنى تۇتماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ ئادالەتنى
بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا چۆمۈلۈش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئاللاھ يەنە
ھەركىم ئۆزى قىلغان ئەمەلنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدىغانلىقتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك قانۇند-
يەتنى ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ: «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ
نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»②مانا بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھەقىقەت. بۇغداي تېرىغان ئادەم بۇغداي
ئورۇيدۇ، تېرىق تېرىغان ئادەم تېرىق ئورۇيدۇ، ھېچنېمە تېرىمىغان ئادەم ھېچنېمىگە
ئېرىشەلمەيدۇ. ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچقان ئادەم ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ، يامانلىقنىڭ
ئۇرۇقىنى سەپكۈچىلەر ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. بۇمۇ ھاياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى.
بۇنداق بولۇشنىڭ قانۇنىيىتىمۇ ئاللاھ ئۆزى بەلگىلىگەن: «قەيەردە بولماڭلار، (ئەجەل
كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەدە بولغان تەقدىردىمۇ. ئەگەر
ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، ‹بۇ ئاللاھتىن بولدى› دەيدۇ، ئەگەر
ئۇلار بىرەر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىسا، ‹بۇ سەندىن (يەنى سېنىڭ دىنىڭغا كىرگەنلىكد-
مىزدىن) بولدى› دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد! بۇ ئەخمەقلەرگە) ئېيتقىنكى، ‹(ياخشىلىق
ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىنى ئاللاھ ياراتقاندۇر)›.
بۇ قوۋمگە نېمە بولدىكى، ئۇلار ھېچبىر سۆزنى (يەنى ھەممە شەيئىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى
بىلەن بولىدىغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ. (ئى ئىنسان!) ساڭا يەتكەن ياخشىلىق (مەرھەمەت

① قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەر 177 - ئايەت
② قۇرئان كەرىم، سۈرە نەجم 39 - ئايەت.

قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللاھ تەرىپىدىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزۈڭدىندۇر...».① ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى قانۇنى ئىنسانىيەت يارىتىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆزگەرگىنى يوق، ئۇ قانۇنىيەت مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ھەقىقەت ئىنسانلار تەرىپىدىن توغرا بىلىشكە ئېرىشەلمەي كەلدى، ئەكسىچە خاتا بىلىش نەتىجىسىدە ئىنسانلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىشتى. ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقى، گۇمراھلىقى، ئازغۇنلۇقى سەۋەبىدىن جاھالەت پاتقىقىدىن قۇتۇلالمىسا، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇقسا، بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىقبالىدىن كۆرمەي دىندىن كۆرۈشتى. ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ھالىمىز مۇشۇنداق يامانلاشتى، دەپ ھەققە داغ تەگكۈزۈشتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئېغىزىدا ئىمان ئېيتتۇق دەپ قويۇش بىلەنلا ئۇلار سىنالماي تۇرۇپ قانداقمۇ ھەقىقەتكە، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشەلىسۇن؟ ئۇلارنىڭ تۇتقان پۈتكىنى قۇۋلۇق ـ شۇملۇق؛ ئاللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىگە ئاسىيلىق قىلىش، يامان، بۇزۇق نىيەتتە، گۇناھلىق، قەبىھ مەشغۇللۇقتا تۇرسا نېمىگە ئاساسلىنىپ بەختكە ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ ئىنسانلار ئارىسىدىكى قەلبلىرى تۇرۇپمۇ يەنىلا ھەقنى چۈشەنمەيدىغان، كۆزلىرى تۇرۇپمۇ ھەقنى كۆرمەيدىغان، قۇلاقلىرى بولغان بىلەن ھەقنى ئاڭلاپ ئىبرەت ئالمايدىغان كىشىلەرنى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھ ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئۇقتۇرغانتىغۇ: «ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ) ئاڭلىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر.»② يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا ـ ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىمىز.»③ ئاللاھ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ، ھەقنى تونۇغانلارغا ھەسسىلەپ رەھمەت قىلىدۇ، ھەقنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىدۇ. «بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ.»④ «روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ»⑤ مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھەق قانۇنى. ئاللاھ زۇلۇمنى ياقتۇرمايدۇ، زۇلۇم قىلغۇچىلا-

① قۇرئان كەرىم، سۈرە نىسا 78 ـ 79 ـ ئايەتلەر.
② قۇرئان كەرىم، سۈرە ئەئراف 179 ـ ئايەت.
③ قۇرئان كەرىم، سۈرە ئەئراف 182 ـ ئايەت.
④ قۇرئان كەرىم، سۈرە ئەنفال 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ قۇرئان كەرىم، سۈرە شەمس 9 ـ 10 ـ ئايەت.

رىنىمۇ ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، پاسىقلارغىمۇ ھىدايەت قىلمايدۇ. «ئاللاھ جاھان ئەھلىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ»[1] ئاللاھنىڭ بۇ ھەق قانۇنى ھەربىر شەخس ئۈچۈنمۇ ئورتاقتۇر.

ھازىرغىچە مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەھمىيەت بېرىلمەي كەلگەن ھەق - ناھەقنىڭ يەنە بىر چەك - چېگرىسى بار. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئازاب بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن كەلگەن ئازابنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىپ، كىشىلەردىن يەتكەن كۈلپەتنى ئاللاھتىن كەلگەن كۈلپەت دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە يەنە بىر غاپىللىق پەيدا بولۇپ، ئىجتىمائى تەڭسىزلىك ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشتا ئامالسىز قالدۇرۇلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بار: «بەزى كىشىلەر: ‹ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق›، دەيدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى ئاللاھنىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ.»[2] ئەسلىي ماھىيەتتىن ئالغاندا ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. شۇڭا بەزىلەرنىڭ ئورنى يۇقىرى، بەزىلەرنىڭ ئورنى تۆۋەن بولۇشى، بىرىنىڭ باي، بىرىنىڭ كەمبەغەل بولۇشى بۇ بىر ئىجتىمائىي قانۇنىيەت. ھەممىنىڭ ئوخشاش رۇپ كېتىشى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ئەمەس. بىراق، ئىجتىمائى تەڭسىزلىكنى، ئىجتىمائى زۇلۇمنى ئاللاھنىڭ ھەق ھۆكمى، ھەق جازاسى بىلەن ئايرىلاشتۇرۇۋەتكەندە، ئاللاھنىڭ قەدەر توغرىسىدىكى قانۇنىنى خاتا چۈشىنىۋېلىش كېلىپ چىقىدۇ.

ئاللاھنىڭ ھەق - ئادالىتى يەنە شۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇكى، ئاللاھ ھەربىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ قۇربىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدىغانلىقى، قۇربىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىپ ئېغىرچىلىق سالمايدىغانلىقى بىلەنمۇ ئادالىتىنى نامايان قىلىدۇ. «كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ»[3]. بۇ ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ھەققانىيلىقى ناھايىتى كۈچلۈك. ئۇ ئاللاھ ئەمىر قىلغان پەرز ئىشلاردىمۇ قۇربىتىگە يارىشا، ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىگە ئاساسەن يول تۇتۇشقا كەڭچىلىك بېرىپلا قالماي، باشقا ياخشى ئەمەللەردىمۇ قۇربىتىگە يارىشا ئىش قىلىسىلا ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى ئوخشاش بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ ھۆكمى كېيىنكى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ قانۇن پەرمانلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش، تەڭسىزلىككە خاتىمە بېرىش، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تەسىر كۆرسەتكەن. قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ ئىسلام ئالىمى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىدىكى قاراخانىيلار خاقانىغا ئاتاپ يازغان «قۇتادغۇبىلىگ» ناملىق ئەسىرىدە، پۇقرالار-

---

[1] قۇرئان كەرىم، سۈرە ئال ئىمران 108 - ئايەت.
[2] قۇرئان كەرىم سۈرە ئەنكەبۇت 10 - ئايەت.
[3] قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە، 233 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com



غا چېچىلىدىغان باج - سېلىقنى ئادىل تەقسىملەش، يەنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي ئەھۋالى يۇقىرىلارغا ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈش ئەھۋالىغا يارىشا مەجبۇرىيەت ئارتىش، ئوتتۇرا ھال تۇرمۇشتىكىلەرگە ئىقتىسادىي ئەھۋالى يۇقىرىلارغا قويغان مەجبۇرىيەتنى ئارتماسلىق، ئوتتۇرا ھاللار كۆتۈرەلەيدىغان ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتنى نامراتلارنىڭ ئۈستىگە ئارتماسلىق، ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە مەجبۇرىيەت تەڭ تەقسىماتچىلىق يولى بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان بولسا ئوتتۇرا ھاللار نامراتلىق ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى، نامراتلار ئاچلىق ۋە موھتاجلىقتىن خاراب بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن. يۇقىرىقى ئادىل، ھەققانىي تەكلىپ قۇرئاندا دەۋەت قىلىنغان يۇقىرىقى ئادالەتنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن رېئال تۇرمۇشقا، قانۇن - تۈزۈمگە تەتبىقلىنىشى ئىدى.

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھنىڭ ئادىل، ھەققانىي ھۆكمى ۋە دەۋىتى. بىراق، ئومۇمىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەردىكى ھۆكۈملەرنى تەيىنلەپ بەرگەندىن باشقا، بەزى كونكرېت مەسىلىلەر توغرىسىدا تەپسىلىي قانۇن ماددىلىرىنى بەلگىلەپ بەرمىدى. بۇ جەھەتتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئادىللىقىنى، تەڭداشسىز دېموكراتىيىسىنى نامايان قىلدى، چۈنكى دۇنيا تەرەققىي قىلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئېڭى، تۇرمۇش شارائىتى، ئېھتىياجى، ئەمەلىي تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى داۋامىدا تۇغۇلغان كونكرېت تەلەپ ئاساسىدا بەزى زۆرۈر ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. خۇددى بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئاساسىي قانۇنغا ئەمەلىي ئېھتىياجى سەۋەبلىك زۆرۈر تۈزىتىش كىرگۈزگەنگە ئوخشاش. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدىن باشقا، دىندىن خالىي ئىجتىمائىي پائالىيەت داۋامىدىكى خاس ئادەتلىرى بولىدۇ. مۆمىنلەر ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ئومۇمىي ھەقىقەت ئاساسىدا ھۆكۈمەت قۇرۇپ، كونكرېت قانۇن - تۈزۈملەرنى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ كېڭىشىپ بېكىتىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە بەرگەن ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى. بۇ ھوقۇق بەك مۇقەددەس، شۇڭا ئوخشىمىغان شارائىت، ئوخشىمىغان مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مىللەتلەر ئۆزىنىڭ رېئال ئەھۋالىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، قۇرئاندا مۇقەررەر قىلىنغان ئاساس ھۆكۈملەرگە مۇخالىپ كەلمەسلىك ۋە ئۇنىڭدىن چەتنىمەسلىك شەرتى ئاستىدا، شۇ قوۋملارنىڭ ھەق، توغرا ۋە مۇۋاپىق بولغان مەسلىھەت كېڭىشى ئارقىلىق تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تەتبىقلايدۇ؛ ئىسلام دىنى دېموكراتىيىگە ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، دىندا ئېغىرچىلىق ۋە بېسىم سېلىشقا قارشى تۇرىدۇ، شۇڭا ئاللاھ قۇرئاندا ئاساسىي قانۇنىي ھۆكۈملەرنى كۆرسىتىپ، قالغان كونكرېت مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ھەدىسكە مۇراجىئەت قىلىشنى، ئەگەر قۇرئان ۋە ھەدىستىن كونكرېت قانۇنىي ئۆلچەمگە ئىگە

بولالمىغان ئەھۋالدا «كېڭەش» ئارقىلىق قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئادالىتىگە ئۇيغۇن ھۆكۈملەرنى چىقىرىش ھوقۇقىنى بەرگەن، چۈنكى، ئاللاھ زېمىندىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىنسانلارغا بەرگەن، بۇ ئايەت بۇ قاراشنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ‹مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن›، دېدى. پەرىشتىلەر: ‹يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى، بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز›، دېدى. ئاللاھ: ‹مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن›، دېدى»① ئاللاھ ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئاللاھ بەلگىلىگەن ھەقىقەت ۋە ئادالەتكە ۋارىسلىق قىلىدىغان، ئۇنى توغرا ئادىل يۈرگۈزىدىغان نۇرغۇن خەلىپىلەرنى ياراتتى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەق، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ئادالىتىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ئاللاھ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىش، زېمىننى باشقۇرۇشتا يەنە خاس زىددىيەت قانۇنىيىتى ۋە قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتىنى يارىتىپ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان. زىددىيەت قانۇنى ۋە قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتىنى يارىتىپ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان. زىددىيەت قانۇنىيىتى ۋە قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ھەربىر شەخسنىڭ روھىي پائالىيىتىدە رول ئويناپ، مەۋجۇت ئىككى تەرەپ بىر بىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا مەسئۇل قىلىنغان. قۇرئاندا قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇقنى ھەمدە يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنى ياپقانلىقى بىرىنى بىرىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ماس قەدەمدە ئايلىنىپ تۇرۇشىنى بەلگىلىگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى تەرەققىيلىق ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاساسى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىلىقتا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى.) لېكىن، ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.»② بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كۈچلۈكلۈك بىلەن ئاجىزلىق، يۇقىرىلىق بىلەن تۆۋەنلىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىك ھەرقاچان مەۋجۇت. ئەگەر ئالىيجانابلىق ئارقىلىق رەزىللىك تەقىب قىلىنمىسا دۇنيانى رەزىللىك قاپلاپ كېتىدۇ، ئەگەر رەزىللىك بىلەن يامانلىق

① قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەت
② قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە 251 ـ ئايەت.

بولمىغاندا ئالىيجاناپلىق، ياخشىلىق قانداق بىلىنىدۇ ۋە سىنىلىدۇ. ئادەمنىڭ روھىدىمۇ ئىككى خىل قارىمۇقارشى كۈچ بولىدۇ. ھەرقاچان ئۇلار بىرىنى بىرى يەڭمەك قەستىدە بولىدۇ. تەقۋا ئۇستۇنلۇك قازانسا شەيتان، يەنى يامانلىق ـ نەپس يول قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ياخشىلىق ـ تەقۋالىق مەرتىۋىسىگە يېتەلەيدۇ. ئەگەر نەپس غالىپ كەلسە ئادەم ئۆزىنى ھالاكەتكە ئىتتىرىدۇ ـ دە، رەزىللىك ئۇستۇنلۇك قازىنىدۇ.

ئەگەر ئىنسان روھىدا ئاشۇنداق ئىككى قارىمۇقارشى تەرەپلەر بولمىغاندا ئالتۇننىڭ ساپلىقى ياكى سۇنئىيلىكى، تەقۋا بىلەن رەزىللىك قانداق ئايرىلىدۇ. ئادەم بەدىنىمۇ بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى خىلىتلاردىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىنغان. قارىمۇقارشى خىلىتلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن، بىراق ئۇلار يارىشىپ ياشايدۇ، ئەگەر بىرى يەنە بىرىدىن غالىپ كېلىپ بىرىنى كۆتۈرۈپ باسقان ھامان ئادەم كېسەللىككە مۇپتىلا بولىدۇ، بەدەن خارابلىششقا باشلايدۇ. شۇڭا ئادەم بەدىنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن يېمەكلىك ئارقىلىق ئۇلارنى تەڭشەيدۇ، ئاجىزلىرىنى كۈچلەندۈرۈپ، كۈچلىنىپ كەتكەنلىرىنى جايىغا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر بەدەندىكى بۇنداق قارىمۇقارشى خىلىتلار بولمىغاندا ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ. مانا بۇ پەلسەپىدە سۆزلىنىدىغان قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىك قانۇنىنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدى ۋە جەمئىيەتتە ئويناۋاتقان رولى. بۇنداق باغلىنىش مەڭگۈلۈككە ئىگە. ئاللاھ جەمئىيەتتە ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنىمۇ جەمئىيەت تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بىر تىزگىنى قىلغاچقا، ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ: «ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۇممەتلەر ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى، لېكىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى. لېكىن ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ»① دېمەك، جەمئىيەتتىكى قارىمۇقارشىلىقلارمۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن قانۇن ـ شەرىئەت يولغا قويۇلغان.

ئاللاھ يەنە خەلىپىلەرنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق ۋە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئاللاھنىڭ قانۇنىنى بۇرمىلىۋېتىشىگە، ئۇنىڭغا شەخسىي مۇددىئانىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىغا چەك قويۇپ، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن توغرا ھەق يولدىن تېيىپ كەتمەسلىك ئاساسىدا مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىشنى بۇيرۇدى، يەنە بىرى، ھەر ئىشنى قىلغاندا مەسلىھەت، كېڭەش بىلەن قىلىشنى بۇيرۇدى. «تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قويۇۋەتكەن

① قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەر 253 ـ ئايەت.

ئادەمنىڭ كۆزى قويۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق (يەنى كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش (يەنى كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ) ۋە كىشىنى قانداق يارىدار قىلغان بولسا، شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا)، بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى) غا كەففارەت بولىدۇ. يەنە مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى»، «ئى ئەقىل ئىگىلىرى!» سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ)، (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)»[1] يۇقىرىقى قەتئىي ھۆكۈملەرنىڭ تېگىدە ئىنسانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە بولغان چەكسىز بىر كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۈيۈك مەقسەت تۇرىدۇ. يۇقىرىقى قەتئىي ھۆكۈم بەزى جاھىل كۈچلەرنىڭ نەفس خاھىشىغا ئەگىشىپ ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتىپ، زۇلۇمنىڭ ئەدەپ كېتىپ بىگۇناھلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىتىشىغا قاتتىق چەك قويۇشنى مەقسەت قىلغان. ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى ھۆكۈملىرىدە يەنە بىر خاسىيەت شۇكى، توغرا، ھەق، ئادىل قانۇن جەمئىيەت كەيپىياتىنى تەرتىپكە سېلىشتا پايدىلىق. قىساس ئېلىش قانۇنىنىڭ مۇقەددەس ئىمتىيازى. دۇنيادىكى تۈرمە ۋە سوتلارنىڭ پەيدا بولۇشى جەمئىيەتتە يامان، ياۋۇز كۈچلەرنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشىنى توسۇش. ئەگەر دۇنيادا قانۇن، سوت، تۈرمە بولمىغاندا ئىجتىمائىي تەرتىپ بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرايدۇ، زوراۋان كۈچلەر دۇنيانى خۇنغا غەرق قىلىدۇ. پەقەت ئادىل، ھەققانىي قانۇنلا ئۇلارنى چەكلەپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا قۇرئاندا قىساسنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە قىساس ئېلىش ياكى ئالماسلىقنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ قانۇنىنىڭ ئىختىيارىغا قويغانلىقى جىنايەتنى توسۇش ۋە چەكلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر شەرىئەت قانۇنىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى پىدىيە (تۆلەم) ئېلىش بىلەن قىساستىن ۋاز كەچسە، ئۇ قىساس ئېلىشتىن تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكى بىلەن ئادالەتنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

ئىسلامدا «كېڭەش» تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھاكىمۇتلەقلىقنى چەكلەش، ئازغۇنلۇقتىن، ناھەقچىلىقتىن ساقلىنىپ قېلىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. «شۇرا» يەنى

① قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە 178 -، 179 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرىنىڭ كېڭەش يىغىنى ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى قارارلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت شەرىئەت قائىدىلىرىدىن بىرى. قۇرئاندا «شۇرا» نامدا مەخسۇس سۈرە نازىل بولغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دەۋەتلەر بار: «ئىمان ئېيتقان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرگە، گۇناھى كەبىرلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلىنىغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغاندا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر»① يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ مۇھىم ئىشلاردا، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئۆزئارا كېڭىشىپ، مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىشنى ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەر قاتارىدا ساناۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ھەرقانداق بىر ھوقۇقدارنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە مۇستەبىتلىك بىلەن ئىش تۇتۇشى ياخشى ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئاللاھ ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇغان: «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛»② مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ شۇڭا «مەسلىھەت ـ كېڭەش ھەر ئىشنىڭ ئەمى (يەنى داۋاسى)» دېگەن. بۇ ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ دېموكراتىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى. بىراق بۇ يەردە يەنە بىر شەرتمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، كېڭەش، مەسلىھەت سالىدىغان ئادەم توغرا، شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېڭەش بېرەلىگۈدەك ئىقتىدارغا ۋە بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بىلىمسىز، نادان كىشىلەرگە چوڭ ئىشلارنى مەسلىھەت سېلىش ئەلۋەتتە ئەخمەقلىق بولىدۇ. ئاقىللار پاكىتقا، ئەقىلگە تايانسا، نادانلار گۇمانغىلا تايىنىپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بىلىمسىز، ئاڭسىز كىشىلەرنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا مەسلىھەتكە چاقىرىش ئاللاھنىڭ خاھىشى ئەمەس. چوقۇم ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئەڭ ئەقىللىق، تەقۋادار، بىلىملىك كىشىلەر بولۇشى، ئۇلار ھەم يۇقىرى دەرىجىدىكى بىلىم ئىگىلىرىنى ئەتراپىغا توپلاپ ئۇلاردىن كېڭەش ئېلىپ ئىشلارنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن، ئادىل، ھەق بىر تەرەپ قىلىشلىرى لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئەھلى قىلىشى، شۇ ئىشنىڭ ئەھلىگە تاپشۇرۇش ئادالەت بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن زۇلۇم ئەۋج ئالىدۇ، قىيامەت قايىم بولىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ

---

① قۇرئان كەرىم، سۈرە شۇرا 36 ـ 39 ـ ئايەتلەر.
② قۇرئان كەرىم، سۈرە ئال ئىمرىگە 159 ـ ئايەت.

روھانىيلىقتىن خالىي، خۇراپاتلىققا قاتتىق چەك قويغان، بىدئەتچىلىككە يول قويمايدىغان، ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان، دەلىل - ئىسپاتنى ئاساس قىلىدىغان كونكرېت ھەقىقەت بىلەن مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

دەلىل - پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش «قۇرئان كەرىم» يولغا قويغان ئادالەت بەرپا قىلىشنىڭ ئەڭ كەلگ ۋە ئەڭ ھەققانىي يولىدۇر. چۈنكى، ھەرقانداق قانۇن پاكىتقا، دەلىل - ھۆججەتكە ھۆرمەت قىلماي چۈشەنچىسىگە ۋە ئويىغا تايىنىپ بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلغاندا ئۇ زوراۋانلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ مەسىلىلەرگە قاراشتا، بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلىشتا ئەمەلىيەتكە، پاكىتقا تايىنىش ئىمتىيازىنى بەرگەن: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قوۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار.»[1] يەنە مۇنداق دېيىدۇ: «ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار»[2] بۇنىڭدىن شۇنداق ھەقىقەت چىقىدۇكى، بىرەر نەرسىگە، ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىگە ھۆكۈم قىلىشتا ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، دەلىل - پاكىتنى ئاساس قىلىش، ھېسسىيات، گۇمانغا تايىنىپلا ھۆكۈم قىلىپ قويۇپ باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىنغان. قۇرئاندا نۇرغۇن دەۋەتلەر روشەن دەلىل - پاكىت ئاساسىدا قويۇلىدۇ. تەبىئەتتىكى دەلىللەردىن، تارىختىكى ئاچچىق ساۋاقلاردىن، ئادەم بەدىنىدىكى خاسىيەتلەردىن پاكىتلار كۆرسىتىلىپ، ھەقىقەت ئىنتايىن كونكرېت، ئىنتايىن ئاددىي، ئىنتايىن روشەن زاھىر قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دەۋەتلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى، ھەقىقىيلىقى ئىنتايىن يارقىنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇڭا، قۇرئاندا مۆمىنلەرگە ئۆزلىرىنى ياراتقان زاتنى ئۇلگە قىلىشنى، ئۇ ياقتۇرغىنىنى ياقتۇرۇشنى، ئۇ غەزەپلەنگەنگە غەزەپلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «سۈرە پاتىھە» نىڭ 6 - 7 - ئايىتىدە: بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)»[3] دەپ ئاللاھتىن توغرا، ھەق يولغا باشلاشنى، ئىنئامىغا ئېرىشىشنى تىلەشكە دەۋەت قىلىنغان.

ئاللاھنىڭ ئادالىتى يەنە شۇ يەردە نامايان بولۇپ تۇرىدۇكى، ھەربىر قوۋم، ھەربىر دەۋردە ياشىغان كىشىلەر ۋە ھەربىر شەخس پەقەت ئۆزىنىڭلا ياخشى ۋە ياكى يامان ئەمەللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ ۋە ياكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەمەللىرى ياكى گۇناھلىرى ھەرگىزمۇ كېيىنكىلەرگە مىراس قالدۇرۇلماي-

---

[1] قۇرئان كەرىم، سۈرە ھۇجۇرات 6 - ئايەت.
[2] قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە 111 - ئايەت.
[3] قۇرئان كەرىم، سۈرە پاتىھە 6 - 7 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com

دۇ. ئالدىنقىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن كېيىنكىلەر جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ، ئاتىسى قىلغان گۇناھ ئۈچۈن بالىلىرىدىن ھېساب ئېلىنمايدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلمىشىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، بىرىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن يەنە بىرىنى جاۋابكارلىققا تارتىش زۇلۇم بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ ئەمەللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس»[1] بۇ ئاللاھنىڭ قىيامەتتىكى ئادىل سورىقى ئۈچۈن بەرگەن ۋەدىسى بولۇپ قالماي، بەلكى ئىسلام قانۇنىنى يۈرگۈزگۈچىلەر ئۈچۈنمۇ قىلىنغان ھەق دەۋەت ئىدى، بۇ ھۆكۈم ئىسلام شەرىئىتىدە ئادىللىقنى نامايان قىلىشتا قىممەتلىك رولىنى نامايان قىلغانتى.

قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلۈشىدىكى مەقسەت ۋە ئاللاھنىڭ سوتىدىن قارىغاندىمۇ ئادالەت ۋە ھەققانىيلىقنىڭ مەرتىۋىسى ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ناھايىتى روشەنكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل قىلىنىشى يەر يۈزىدە ئادالەتنى بەرپا قىلىش، كىشىلەرگە ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت: «قۇرئاننى بىز ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق، قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى»[2] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىتاب غالىپ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ساڭا بىز (بۇ) كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق»[3] بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، قۇرئان ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە چۈشۈرگەن ھەقىقىتىدۇر. بۇنىڭدىن مەقسەت يەر يۈزىدە ئادالەت ئورنىتىش، زۇلۇمنى توسۇش ئۈچۈن ئىدى.

ھەدىستە: «بىر سائەتلىك ئەدلىنىڭ ساۋابى ئاتمىش قېتىم قىلىنغان ھەجنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇقتۇر» دېيىلگەن. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقان مەنە شۇكى، ھەج قىلماقنىڭ ساۋابى پەقەت ھاجىملاردىن بۆلەك كىشىلەرگە بولمايدۇ، بىراق ئادالەتتىن پۈتۈن خالايىق بەھر ئالىدۇ. دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشى ئادالەت سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر ئادالەتسىز پادىشاھ تەقۋادار كىشىدىن سوراپتۇ: «خۇداغا قايسى ئىبادەتنى قىلغان ياخشى؟».

تەقۋادار جاۋاب بېرىپتۇكى: «ساڭا چۈشكىچە ئۇخلاش ھەممە ئىبادەتتىن ياخشى، چۈنكى شۇڭغىچىلىك خەلق سېنىڭ ئازارىڭدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ!»

---

① قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە 141 ـ ئايەت.
② قۇرئان كەرىم، سۈرە بەنى ئىسرائىل 105 ـ ئايەت.
③ قۇرئان كەرىم، سۈرە زۇمەر 1 ـ2 ـ ئايەت

يۇقىرىقى ھېكايە گەرچە كىنايە شەكلىدە ئېيتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئىراق شاھ ئۇچۇن ئىبادەتتىنمۇ ئادالەتلىك بولۇشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان، بۇ مەنىگە دائىر يەنە بىر ھېكايە بار:

بىر پادىشاھنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىپ ساۋاب تېپىش ئارزۇسى كۈچىيىپتۇ، ئىراق ئەمىرلىرى ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا باشقا بىر مەسلىھەتنى بېرىشىپتۇ. ئەمىرلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۆمرىدە 60 قېتىم ھەج تاۋاپ قىلغان بىر دەرۋىشنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ ھەجىنىڭ ساۋابىنى سېتىۋېلىشقا كۆندۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئۇ دەرۋىشنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ھەي بۇزرۇكۋار، ھەج ئارزۇسى قەلبىمدىن ئورۇن ئالدى. ئەمما، بۇ ئارزۇيۇم دۆلەت كاتتىلىرى تەرىپىدىن مەنئىي قىلىنىۋاتىدۇ. ئاڭلىسام سەن كۆپ قېتىم ھەج قىلىپسەن. ئەگەر مۇمكىن بولسا ماڭا بىر ھەجىڭنىڭ ساۋابىنى سېتىپ بەرسەڭ، مېنىڭ ھەج ئارزۇسىغا يېتىپ نەتىجە تاپسام، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. دەرۋىش:

— بولۇپتۇ، ئۇنداقتا مېنىڭ ھەجىمنى ساتاي، — دەپتۇ.

— بىر ھەجىڭنىڭ ساۋابىنى قانچە باھادا بېرىسەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ھەج نىيىتىدە ھەربىر باسقان قەدىمىمنى پۈتكۈل ئالەمنىڭ نەق جاۋاھىرلىرىغا بەرگەيمەن، — دەپتۇ دەۋرىش.

— دۇنيا مۈلكىنىڭ جاۋاھىرلىرى مەندە ئازغىنە باردۇر. ئۇ بىر قەدىمىڭنىڭ باھاسىغىمۇ يەتمىگۇدەك. بۇ يوسۇن بىلەن بىر ھەجىڭنىڭ ساۋابىنىمۇ ئالالمىغۇدەكمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ھەي پادىشاھ، — دەپتۇ دەرۋىش، — ھەممە ھەجلىرىمنىڭ باھاسى سېنىڭ ئالدىڭدا ئاساندۇر، ناۋادا زۇلۇم چەككەنلەرگە بىر مەرتەم قىلغان ئادالىتىڭنىڭ ساۋابىنى بەرسەڭ، ئاتمىش ھەجىمنىڭ ساۋابىنىڭ ھەممىسىنى بېرىمەن، بەلكى بۇ يوسۇندا مەن سەندىن كۆپ پايدا ئالغان بولىمەن.»[1]

ھەدىس شەرىپتە: «بىر سائەتلىك ئادالەت پۈتۈن ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ ئىبادىتىدىنمۇ ياخشىراقتۇر.» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ شاھلارغا نىسبەتەن ئادالەتنىڭ ساۋابى ئىبادەتنىڭ ساۋابىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، مەلۇم مەنىدە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ھۆكمىگە ئاساسەن ئادالەتلىك بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

ئادىل، ھەققانىي بولۇشنىڭ ئىسلامدىكى مەرتىۋىسى ئاللاھنىڭ سۆيىتىدىمۇ ئىپادىلە-

① كاشىفىنىڭ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» دېگەن ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

نىسپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ مۇبارەك 99 سۈپىتىنىڭ ھەممىسىدە ھەق، ئادىل ئىكەنلىكى، يامانلارغا غەزەپلىك، ياخشىلارغا رەھىملىك، كۆيۈنگۈچى ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ. «رەھمان» چەكسىز كۆيۈنگۈچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ «رەھىم» دېگەن سۈپىتى بىلەن قوشۇلۇپ يۇرگۈزۈلۈپ، پۈتۈن ئىنسان ۋە مەخلۇقلارغا كۆيۈنىدىغانلىقى، رەھىم - شەپقەت قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ كۆيۈنۈشنى، رەھىم - شەپقەتنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ رەھىملىك، كۆيۈمچان بولۇشىنى خالايدۇ ۋە شۇنىڭغا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئۇ پۈتكۈل شەيئىنى — ئىنسان ۋە باشقا مەخلۇقلارنى ئۆزى ياراتتى ۋە ئۇنىڭ خوجايىنلىقى ئاللاھقا خاس. خوجايىن ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىلەر ئۈچۈن ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچىدۇر. زېمىندا يۇقىرىدىن پادىشاھدىن تارتىپ، تۆۋەندە جەمئىيەتنىڭ كىچىك ھۇجەيرىسى ئائىلىنىڭ خوجايىنلىرىمۇ قول ئاستىدىكىلەرگە مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ. «قەھر» سۈپىتى بىلەن زالىملارغا غەزەپ قىلغۇچىدۇر. «ئەدل» ئادىل، ئادالەتنى بەرپا قىلغۇچى دېگەن مەنىدە يۇرگۈزۈلۈپ، ئىش ۋە ھۆكۈملىرىدە ھەرگىز زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىدا ناھەقچىلىك، تەڭسىزلىككە ھېچقانداق ئورۇن يوق. ئۇنىڭ زاتى پاك، ئۇ ھەربىر ھەق ئىگىسىگە تېگىشلىك ھەققىنى بېرىدۇ، زالىملاردىن ئۇلار زۇلۇم قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ ھېسابىنى ئېلىپ بېرىدۇ. «ھەق» — ھەقىقەت دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ھەق، ئۇنىڭ ياراتقان بارلىق نەرسىلىرى ھەق.

ئاللاھ ئۆزىنىڭ ھەق، ئادىل ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقى، ھەممە ئادەمنى باپباراۋەر ياراتقانلىقى، ھەممە ئادەم مۇكاپاتتىمۇ، جازادىمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكى، ھەرگىزمۇ يۇقىرى - تۆۋەن، باي - كەمبەغەل، ئەمەلدار - پۇقرا دەپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدىغان ئادالەتسىز ئىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ناھايىتى كۆپ ئايەتلەردە ئاللاھنىڭ يولىنى تۇتۇش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئادالەتنى ھەقتىن چەتنىگەن چەتنىگەن بولىدۇ. كىم زۇلۇمنى تەرك ئەتمىگۈچە ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ھەممە ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى قانۇنى ئىسلامنىڭ ھەققانىيىتى ۋە ئادالىتىنى يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرگەن ئۇلۇغ شان - شەرىپىدىن بىرى. باراۋەرلىك بولمىغاندا ئادالەت بولمايدۇ، ئادالەت باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ئىسلام يولغا قويغان قانۇندا ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىك مەسىلىسىنى ناھايىتى ھەقلىق ھالدا تەكىتلەپ بۇنىڭدىن بىر مىڭ 400 يىل بۇرۇنقى جاھالەت زامانىدا ئىسلام قانۇنى ئالدىدا ھەممە ئىنسانلار باپباراۋەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئالىي ئەمر بىلەن، ھەرقايسى

يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەبىقىلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقلاردا ۋە باشقا ئىقتىسادىي، قانۇنىي ھوقۇقلاردا باراۋەر ئىكەنلىكىنى قارارلاشتۇردى. گەرچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب مىللىتىدىن بولسىمۇ، قۇرئان ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان بولسىمۇ ئەرەبلەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىق بولۇۋېلىشىغا يول قويۇلمىدى. ئاق تەنلىك بىلەن قارا تەنلىك بىر بىرىدىن ھەرگىز ئارتۇق ئەمەس، باي كەمبەغەلدىن يۇقىرى ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلدى، ھەتتا نەسەب جەھەتتىكى ئىمتىيازغىمۇ چەك قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى تەبىقىلەر تۈزۈمىگە ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بەردى. چۈنكى، ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانلارغا مۇنداق خىتاب قىلدى: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھاۋادىن ئىبارەت)، بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)»[1] ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ بىر ئاتا، بىر ئانىدىن تۇغۇلغانلىقىنى، بىرىدىن بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىنىڭ يوقلۇقىنى ئۇقتۇرۇۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپىدا پەقەت ئادەملەرنىڭ بىلىش، چۈشىنىش قابىلىيىتى، تەقۋادارلىقى[2] ئارقىلىقلا بىر - بىرىدىن يۇقىرى - تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىلىملىك ئادەم بىلەن نادان ئادەم باراۋەر ئەمەس، نادان ئادەم ھايۋانچىلىكمۇ مەرتىۋىگە ئىگە ئەمەس. بىراق كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، قانۇندا يەنىلا ئۇلار باراۋەر بولۇشى بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنى كەمسىتمەسلىكى، ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ چاغلاپ تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقىغا بۇيرۇيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! بىر قوۋم يەنە بىر قوۋمنى (بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قوۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قوۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر - بىرىڭلارنى ئەيىپلىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار.»[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇللا بىلەن خوشلاشقان ئاخىرقى ھەجىدە، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر ئىكەنلىكىنى تەنتەنىلىك جاكارلىغان ئىدى: «ئەي خەلقلەر! سىلەرنى ياراتقان ئىگەڭلار بىر، داداڭلار

---

① قۇرئان كەرىم، سۈرە ھۇجۇرات 13 - ئايەت.

② تەقۋا: گۇناھ قىلىشتىن قورقىدىغان، ياخشى، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدىغان، ھەقىقەتنى تونۇيدىغان، ھەق بىلەن دىلنى يورۇتقان ئادەم.

③ قۇرئان كەرىم، سۈرە ھۇجۇرات 11 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com



بىر، ئاگاھ بولۇڭلار! ھېچقانداق بىر ئەرەبنىڭ باشقا بىر كىمدىن ئەۋزەللىكى يوق، قىزىل تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن ئەۋزەللىكى يوق، لېكىن ئاللاھتىن قورقۇش (ئاللاھقا ئاسىي بولۇشتىن ساقلىنىش) بىلەنلا ئارتۇق بولىدۇ.»[1] مانا بۇ نەسەبنى ئۇلۇغ بىلىدىغان، نەسەب بىلەن پەخىرلىنىشتە چېكى تۈرىدىغان ئەرەبلەر يۇرتىدا دۇنياغا جاكارلانغان باراۋەرلىك قانۇنى ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن كەمبەغەللەرنى، قۇللارنى ئوخشاش ئادەم سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ، ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇشتا بىرگە بولدى. قۇللارنى ئازاتلىققا چىقىرىشنى ئەڭ ساۋابلىق ئىشلار قاتارىدا تەكىتلىدى. ئەرەب مۆتىۋەر-لىرى ئارىسىدا ئەڭ پەس قارىلىدىغان زەڭگى قۇللارغا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىشكە باشلىدى. ئىسلام دىنىدا نامازغا ئەزان ئېيتىش تۇنجى يولغا قويۇلغاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلالنى ئاۋازى ياخشى دەپ ئەزان توۋلاشقا قويغان. ئىسلام تارىخىدىكى بۇ تۇنجى مەزىن — بىلال بۇرۇن قۇل بولۇپ، ئۇنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇ سېتىۋېلىپ ئازاد قىلغان كىشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە پارسلىق سەلمان، رۇملۇق سۇھەيب قاتارلىق قۇللار ۋە تۆۋەن تەبىقە ئاۋاملار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قوپاتتى. بۇنىڭغا ئەرەب مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئىچىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «سەن قۇللار ۋە تۆۋەن تەبىقە خەلقلەر بىلەن ئولتۇرساڭ بىز سېنىڭ قېشىڭغا قانداق كېلىپ ئولتۇرالايمىز ئۇلارنى يېنىڭدىن قوغلاپ چىقارغىن. ئاندىن بىز سەن بىلەن ئولتۇرۇپ چاقىرىقىڭنى ئاڭلايمىز» دەپ شەرت قويۇشتى. رۇسۇلۇللا ئۇنىمىغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە «بىر كۈن بىز بىلەن، يەنە بىر كۈن ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇش» شەرتىنى قويدى. رۇسۇلۇللا تەڭقىسلىقتا قالغان چاغدا ئاللاھتىن ۋەھيي كەلدى: «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدى-غانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭ-دىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالى-سەن.»[2]

ئومۇمەن، قۇرئاندىكى توغرا، ئادىل قانۇن تۇرغۇزۇش توغرىسىدىكى دەۋەتلەر ئىسلام قانۇنىنىڭ ئادىل بولۇشىغا زور مەنىۋى قۇدرەت ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق ئىشتا ئادىل بولۇش، يەنى ئۆزىگە قارىتا ھەققانىي بولۇش باشقىلارغا نىسبەتەنمۇ ھەققانىي، ئادىل بولۇش، مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىنى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتىنى سىنايدىغان ئۆلچەم بولۇپ قالدى.

① ئەھمەد بىنى ھەنبەل رىۋايىتى.
② قۇرئان كەرىم، سۈرە ئەنئام 52 ـ ئايەت.

# «چۈشنىڭ ماھىيىتى ۋە تەبىرى» دىن

توختى باقى ئارتىشى

دۇنيادا چۈش كۆرمەيدىغان ئادەم بولمىغىنىدەك، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن چۈشىدە كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەسلىمەيدىغان ئادەممۇ ئاز بولۇشى مۇمكىن. چۈش تەبىرى خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغىنى ھالدا، ئەۋلاددىن ئەۋلادقا تارقاپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد تولۇقلىنىپ كېلىۋاتقان مەدەنىي مىراستۇر. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «چۈش ئۆرۈش» مەدەنىيىتى بۇنىڭدىن بىر نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى باشلانغانلىقى، كۆرگەن چۈشلىرىنى شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ئۆرۈشنى ئادەت قىلىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايان. «تەبىرنامە»، «چۈش تەبىرى» دېگەندەك يادنامە ئەسەرلەر، خەلق ئاغزىدىكى «چۈش ئۆرۈش» دەستۇرلىرى ۋە ئۆدۈملار ئەنە شۇنداق مۇلاھىزە پائالىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىي مېۋىسىدۇر.

«چۈش» ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى تولىمۇ ئاجايىپ روھىي ھادىسىدۇر. ئادەم ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەسلىمەي قالمايدۇ. دېمەك، بۇنداق ئەسلەشنىڭ ئۆزى ئادەمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشىنىش يولىدا ئىزدىنىشقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇنىسى قىزىقارلىقكى، ئادەم دۇچ كەلگەن ھەر خىل ماددىي ۋە مەنىۋى ھادىسىلەر ئىچىدە ئادەمنىڭ مېڭىسىگە «چۈش» تەك چوڭقۇر چاپلىشىۋالىدىغان نەرسە بولمىسا كېرەك. چۈش توغرىسىدىكى تەبىرلەر، تەبىر توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە قاراشلارنىڭ ھەر خىل بولۇشى ۋە شۇ تەبىر، چۈشەنچە، قاراشلارنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر تۈرلىنىپ ئىزچىل داۋام قىلىشى، «چۈش» نىڭ ئىنسان مېڭىسىگە مەھكەم چاپلىشىۋالغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۈگۈنكى مەدەنىيەت دەۋرىدە «چۈش» توغرىسىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىپ، چوڭقۇرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمۇ «چۈش» نىڭ ئىنسانىي چىرمىۋالغانلىقىنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

ئىنسانىنىڭ مەنىۋى ھاياتى بىلەن ئەنە شۇنداق زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان «چۈش» نىڭ خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ ئىپادىلىرى چۈش ۋە ئۇنىڭ تەبىرى جەھەتتە ئىزدەنگۈچىلەرنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە ئىزدەنگۈچىلەرگە پەم ـ پاراسەت بېغىشلايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، شۇنى نەزەردە تۇتۇش زۆرۈركى، چۈش توغرىسىدىكى ئىزدىنىشنىڭ ئۆزى ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش، لېكىن بۇنداق ئىزدىنىش مۇرەككەپ ۋە قىيىن بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىزدىنىش داۋامىدا بولۇپمۇ «چۈش» كە تەبىر بېرىش جەھەتتە سەۋەنلىك ياكى خاتالىق سادىر قىلىش توغرا يۆنىلىشنى تاپالماسلىق ئارقىلىق خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ

www.uyghurkitap.com

قىلىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى تەتقىقاتچىلار «چۈش» ساھەسىگە قەدەم بېسىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدىن مەلۇمكى، چۈش ئىنسان ۋۇجۇدىدا تەبىئىي يوسۇندا پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان مۇقەررەر روھىي ھادىسە بولغىنى ئۈچۈن، ئىلىم - پەندە مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئاتاقلىق تەرجىمان توختى باقى ئاكىنىڭ «چۈشنىڭ ماھىيىتى ۋە تەبىرى» ناملىق ئەسىرىدىن پارچە تونۇشتۇرماقچىمىز.

## چۈش ۋە چۈش تەبىرىگە دائىر بىلىملەردىن خاتىرە

### بىرىنچى خاتىرە
### قۇرئاندىن بايان

قۇرئاندىكى «سۈرە يۇسۇپ» تە بايان قىلىنىشىچە، ئەزىز مىسىرنىڭ خاتۇنى زۇلەيخا ئىشق ۋەسۋەسىسى بىلەن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى زىندانغا تاشلاتتۇردى. بۇ جاناب بىر نەچچە يىل زىنداندا ياتتى. كېيىن مىسىر پادىشاھى بىر چۈش كۆردى، ئۇنىڭ تەبىرى ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىدى. ئىلگىرى زىنداندا بىللە يېتىپ، كېيىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتكەن ساقى بېگىت (پادىشاھنىڭ شاراب تەييارلايدىغان خادىمى) يۇسۇپنىڭ ئۆز چۈشىگە توغرا تەبىر بەرگەنلىكىنى ئەسلەپ، بۇ ئىشنى پادىشاھقا ئېيتتى. يۇسۇپ پادىشاھنىڭ چۈشىنى تولۇق بايان قىلىپ، تەبىرىنى ئېيتىپ بەردى.

ھەزرىتى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىرلىرىنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق: پادىشاھ چۈشىدە كۆرگەن يەتتە دانە سېمىز سېيىر ۋە يەتتە باشاق ھۆل بۇغداي، بۇ ئىككىسى يەتتە يىلدۇر. بۇ يەتتە يىل ئىچىدە ھەممىنىڭ ھالى ياخشى بولۇر، ئېكىن - زىرائەتلەر ئوخشار، ھوسۇل كۆپ ئېلىنۇر، مال - چارۋىلار ۋە گىياھلار كۆپىيۇر. ئاندىن كېيىن يەتتە يىل قەھەتچىلىك بولۇر. شۇ چاغدا ئىلگىرىدىن توپلانغان ئاشلىق يېيىلىپ تۈگەر، پەقەت كېيىنكى يىل ئۈچۈن ئازراق ئۇرۇقلۇق دان قالۇر، بۇ يەتتە يىل ئەنە شۇ يەتتە ئورۇق ئۆكۈز ۋە يەتتە پۇچەك باشاقتۇر. بۇلار ئىلگىرىكى يەتتە سېمىز ئۆكۈزنى ۋە يەتتە ھۆل باشاقنى تامام يۇقتۇر.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق مۇھىم تەبىرنى تەكلىپ قىلدى: ئىلگىرىكى يەتتە يىلدا بولغان ھاسىلاتنى ناھايىتى ياخشى ساقلاڭلار، زۆرۈرىيەت ۋاقتىدىلا ئاندىن ئېلىپ ئىشلىتىڭلار، يېمەك ئۈچۈن زۆرۈر بولغانلىرىنى ئالاھىدە ساقلاڭلار، ئاز - ئاز يەڭلار، قالغانلىرىنى پۇختا قويۇڭلار، قۇرت يېمىسۇن، يەتتە يىللىق مەھسۇلاتنى 14 يىلغا يەتكۈزۈشنى نىشان قىلىڭلار.

مىسىر پادىشاھى بۇ تەبىرلەرنى ئاڭلاپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى زىنداندىن ئازاد قى-

لىپ، ئۆزىنىڭ خاس ۋەزىرى قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مالىيە ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق خەلققە پايدا يەتكۈزدى، مىسىرنىڭ ھالى قەھەتچىلىك بولغان يەتتە يىل ئىچىدە ياخشى ئۆتتى، سەككىزىنچى يىلى قەھەتچىلىك تۈگىدى. («قۇرئان كەرىم» سەييىد مەھمۇدبىننى سەييىد نەزىر ئەلتىرازى ئۇيغۇرچە تەرجە-مىسى؛ ھىجرىيە 1401 - يىلى جىددى نەشرى)

* * *

«بىلىڭ ۋە ئاگاھ بولۇڭكى، تارىخ يازغۇچى ۋە رىۋايەتچىلەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇركى، ھەزرىتى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام چۈش تەبىرىدىن قالدۇرغان رىۋايەتلەردە ئېيتىدۇركى، ھەر كىشى بىرەر چۈش كۆرسە چۈشىگە تەبىر بەرگۈچى ياخشىلىققا تەبىر بەرسۇن، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ نىيەت - ئەمىلىگە قاراپ چۈش كۆرەر. چۈش تەبىرى مۇنداق:

. . سېمىز ئىنەك كۆرۈپ چۈش كۆرسە مەمۇرچىلىق (باياشاتلىق) بولۇر، ئورۇق ئىنەك كۆرۈپ چۈش كۆرسە قەھەتچىلىك بولۇر.

پۇچەك بۇغداي تولۇق دانلىق بۇغداينى چىرماپ چۈش كۆرسە ئاسماندىن يامغۇر ياغماي، تېرىقچىلىق ھوسۇل بەرمەي، كىشىلەر ۋەيران بولۇپ، ئانا ئوغۇلدىن، قىز ئانىدىن قېچىپ ھالاك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.» (نام - نىشانسىز مەتبەئەدە بېسىلغان «چۈش تەبىرى» دىن).

* * *

فرېيدنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، چۈشتە ئايان بولغان ھادىسىلەر، يەنى چۈش كۆرگەن ھەربىر ئادەم بىۋاسىتە ھېس قىلالىغان چۇۋالچاق، باش - ئايىغى تۇتاشمايدىغان، مەنىسىز، تۇتۇرۇقسىز كۆرۈنۈشلەر چۈشنىڭ ھەقىقىي، چىن مەنىسى ئەمەس، بەلكى چىن مەنىگە ئىشارەت بولغان ئالامەتلەردۇر، چىن مەنىنى پەردىلەپ تۇرغان بەلگىدۇر. چىن مەنە بىلەن تاشقى ئالامەت ئوتتۇرىسىدا زور ئارىلىق بار. ئادەتتە تاشقى ئالامەتلەرنى يېرىپ ئۆتمەي تۇرۇپ چىن مەنىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن چۈشنى تەھلىل قىلىش، يېشىش، ئۇنىڭغا تەبىر بېرىش زۆرۈر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، چۈشنى ئۆرۈشتە، يەنى چۈشكە تەبىر بېرىشتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇل ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئۇنىڭ بىرى، چۈشنىڭ مەزمۇنىنى پۈتۈن بىر نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنى ئاسانلا چۈشەنگىلى بولىدىغان ۋە مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىي چۈشكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا بىر مەزمۇن بىلەن يېشىش. بۇنى «ئوخشىتىش ئۇسۇلى

بىلەن يېشىش» دەپ ئاتاش مۇمكىن. يۇقىرىقىدەك تەۋراتتا، قۇرئاندا بايان قىلىنغان، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشىگە بەرگەن تەبىرىدە قوللانغان ئۇسۇلى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ: ئاۋۋال يەتتە سېمىز كالا چىقىدۇ، كېيىن يەنە يەتتە ئورۇق كالا چىقىپ ئىلگىرىكى يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال مىسىردا يەتتە يىل ئاچارچىلىق بولىدىغانلىقىغا ئوخشىتىلغان.

مۇشۇنداق ئوخشىتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقى، قىرىشۇدنىڭ قارىشىچە، چۈشتە ئايان بولغان پارچە - پارچە ھادىسىلەرنى ماھىرلىق بىلەن بىر - بىرىگە چېتىشقا ۋە توغرا پەملەشكە باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشنى يېشىش ماھارىتىنى ئاجايىپ يۈكسەك قابىلىيەت بىلەن ئىشلىتىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ئارىستوتىل (مىلادىيىدىن 332 ـ 384 ـ يىللار ئىلگىرى. قەدىمكى يۇنان ئالىمى، پەيلاسوپى، ئەپلاتوننىڭ شاگىرتى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئۇستازى) مۇنداق پىكىرنى بايان قىلغان: بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھادىسىلەرنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىۋالالايدىغان ئادەم ھەممىدىن ئوبدان تەبىرچى بولالايدۇ. چۈنكى، چۈشتە ئايان بولغان ھادىسىلەر خۇددى سۇدا ئەكس ئەتكەن كۆلەڭگىگە ئوخشايدۇكى، كۆلەڭگە سۇنىڭ داۋالغۇشى بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇپ كېتىدۇ. دېمەك، ھادىسىنىڭ ئەينىنى ئەنە شۇنداق ئىرماش - چىرماش ھالەتتىن ئېنىق تونۇيالايدىغان ئادەم كۆزلىگەن نىشانغا ھەممىدىن توغرا چەنلەپ ئاتالايدۇ.

چۈشنى يېشىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلىنى «شەرتلىك بەلگە» دەپ ئاتاش مۇمكىن. بۇ ئۇسۇلدا، چۈش بىر خىل سىرلىق بەلگە دەپ قارىلىدۇ. ھەربىر بەلگىنى مۇئەييەن ئىزى بويىچە مەنىسى مەلۇم بولۇپ تۇرغان باشقا بىر بەلگىگە ئاغدۇرۇش مۇمكىن. مەسىلە خۇددى يۇقىرىدىكى خاتىرىلەردە بايان قىلىنغىنىدەك، كالا (مەيلى سېمىز، ئىنەك بولسۇن) نىڭ «سېمىز» لىكىنى «مولچىلىق» نىڭ، «ئورۇق» لۇقىنى «قەھەتچىلىك» نىڭ بەلگىسى قىلىپ يېشىش ۋە «ھۆل (توق) بۇغداي» (مەيلى شال باشاقلىرى بولسۇن) نى «توقچىلىق» نىڭ، «قۇرۇق (پۇچەك) بۇغداي» نى «ئاچارچىلىق» نىڭ بەلگىسى قىلىپ يېشىش.

چۈشنى شەرتلىك بەلگە بىلەن ئۆرۈش (تەرجىمە قىلىش دەپ ئېيتىش ھەم مۇمكىن) ھازىرقى كۈندىمۇ تەبىرنامىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئۇسۇل تولىمۇ ئۇزۇن تارىختا ئىگە. بۇرۇنقى بابىل، سۈرىيە، مىسسوپوتامىيە ۋىلايەتلىرىدىكى تەبىرچىلەر ئىچىدە مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىلا چۈشنىڭ مەزمۇنىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەنلا توختاپ قالماي، چۈش كۆرگۈچىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىنىمۇ نەزەردە قالدۇرمىغان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر خىل چۈش باي ئۈچۈن، ئۆيلەنگەن ئادەم ئۈچۈن ۋە ياكى ئالىم ئۈچۈن بۇنداق ئەھمىيەتتە ئىپادىلەنسە، گاداي، بويتاق ۋە ياكى سودىگەر ئۈچۈن ئۇنداق ئەھمىيەتتە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. دېمەك، بۇ ئۇسۇل بويىچە چۈش ئۆرۈشتە، بىر چۈشنىڭ پۈتۈن

ھالىتى ئەمەس، ئايرىم - ئايرىم، پارچە - پارچە قىسىملىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. يەنى پۈتۈن بىر چۈش ئايرىم - ئايرىم تەركىبلىرى بويىچە ئىلگىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قويۇلغان شەرتلىك بەلگىلەرگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىدۇ.

فرېئۇدنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۇسۇل ھەقىقەتكە خېلى يېقىن، چۈشنى يېشىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ۋە ئىلمىي ئۇسۇلىنى تېپىش مۇمكىن.

## فىرئەۋىننىڭ چۈشى ۋە يۈسۈپنىڭ تەبىرى

«... مىسىر پادىشاھىنىڭ ساقىيسى ۋە ناۋايى فىرئەۋنگە قارشى گۇناھ قىلدىلەر. ئۆزىنىڭ باش ساقىيسى ۋە باش ناۋايى بولغان بۇ ئىككى مەئمۇردىن فىرئەۋن ئاچچىقلىنىپ، ئۇلارنى زىندانغا سالدى. ئۇلار ياتقان زىندان ساقچىلار باشلىقىنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولۇپ، ئۇ يەردە يۈسۈپمۇ مەھبۇس ئىدى. ساقچىلارنىڭ باشلىقى يۈسۈپنى ئۇلارغا مالاي قىلىپ قويدى. دېمەك، يۈسۈپ ئۇلارغا خىزمەت قىلاتتى.

مىسىر پادىشاھىنىڭ ساقىيسى بىلەن ناۋايى بىر مەزگىل زىنداندا ياتقاندىن كېيىن، بىر كېچىدىلا ئىككىلىسى بىردىن چۈش كۆردى. ھەربىر چۈشنىڭ ئۆزىگە خاس مەنىسى بار ئىدى. سەھەردە ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، يۈسۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى بىلدى. يۈسۈپ ئۆزى بىلەن بىر قاتاردا خوجايىنى فىرئەۋنىنىڭ قولىدا ئەسىر بولۇپ ياتقان بۇ مەئمۇرلەردىن:

— نېمە ئۈچۈن بۈگۈن چىرايىڭلار غەمكىن؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— بىز چۈش كۆردۇق، ئەمما چۈشكە تەبىر بېرىدىغان كىشىنى تاپالمىدۇق، — دېيىشتى. يۈسۈپ ئۇلارغا:

— چۈشنىڭ تەبىرلىرى خۇدادىن ئەمەسمۇ؟ ماڭا سۆزلەپ بېرىڭلارچۇ، — دېدى.

باش ساقىي چۈشىنى يۈسۈپكە ھېكايە قىلدى:

— مەن چۈشۈمدە بىر تەك ئۈزۈم كۆردۈم. تەكتە ئۈچ نوتا شاخ بار ئىكەن. نوتىلار ئۈسۈپ گۈللەپ، شىڭگىل - شىڭگىل ئۈزۈم پىشتى، مېنىڭ قولۇمدا فىرئەۋىننىڭ كاسىسى بار ئىكەن. ئۈزۈملەرنى ئۈزۈپ ئېلىپ سىقتىم ۋە فىرئەۋىننىڭ كاسىسىغا قويۇپ، كاسىنى ئۇنىڭ قولىغا بەردىم، — دېدى.

يۈسۈپ ئۇنىڭغا:

— چۈشنىڭ تەبىرى مۇنداق: ئۈچ نوتا — ئۈچ كۈن. ئۈچ كۈندىن كېيىن فىرئەۋن سېنى قاماقتىن بوشىتىپ، ئاۋۋالقى مەنسىپىڭگە قايتۇرىدۇ. خۇددى ئۇنىڭغا ساقىيلىق قىلغان ۋاقتىڭدا قىلغىنىڭدەك، ئاۋۋالقى تەرتىپ بويىچە يەنە فىرئەۋىننىڭ كاسىسىنى ئۆزىنىڭ قولىغا

www.uyghurkitap.com

بېرىسەن. ئۇ ساقا ھىممەت قىلغاندىن كېيىن مېنىمۇ ئەسلەپ قويغىن. مەرھەمەت قىلىپ مېنى فىرئەۋننىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈر ۋە مېنى بۇ زىنداندىن چىقىرىشقا تىرىشقىن. مېنى ئىبرانىيلارنىڭ① يېرىدىن ئوغرىلاپ كېتىشكىنى يەتمىگەندەك، ئەمدى بۇ يەردىمۇ ھېچقانداق جىنايەت قىلمايلا، بۇ زىندانغا تاشلاپ قويۇلدۇم، — دېدى.

باش ناۋاي بولسا يۇسۇپنىڭ بايىقى چۈشنى ياخشىلىققا ئۆرىگىنىنى كۆرگەندىن كېيىن:

— مەنمۇ چۈش كۆردۈم، — دېدى، — بېشىمدا ئۈچ تەۋەك② توقاچ بار ئىكەن. ئەڭ ئۈستۈنكى تەۋەكتە ناۋايلار فىرئەۋن ئۈچۈن مەخسۇس پىشۇرغان ھەر خىل تائاملار بار ئىكەن، لېكىن قۇشلار كېلىپ، بېشىمدىكى تەۋەكتىن ئۇلارنى چوقۇلاپ كەتتى.

يۇسۇپ جاۋاب بەردى:

— چۈشۈڭنىڭ تەبىرى مۇنداق: ھېلىقى ئۈچ تەۋەك — ئۈچ كۈن. ئۈچ كۈندىن كېيىن فىرئەۋن بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىدىكەن، سېنى دارغا ئاستۇرىدىكەن، قۇشلار كېلىپ ئەتلىرىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىدىكەن، — دېدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، فىرئەۋن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈش مۇناسىۋىتى بىلەن بارلىق مۇلازىملىرى ئۈچۈن زىياپەت قىلدى. مۇلازىملاردىن ئۆزىنىڭ باش ساقىيسى بىلەن باش ناۋىيىنىمۇ چاقىرتتۇردى. باش ساقىينى ئۆز مەنسىپىگە قويدى ۋە ئۇ يەنە كاسىنى فىرئەۋننىڭ قولىغا بەردى، لېكىن باش ناۋاينى بولسا، يۇسۇپ تەبىر بەرگەندەك، دارغا ئاستۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن باش ساقىي يۇسۇپنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى.

........

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. بىر كېچىسى فىرئەۋن چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ نىل دەرياسى بويىدا تۇرغانىكەن. دەريادىن چىرايلىق، سېمىز يەتتە ئىنەك چىقىپ ئوتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن دەريادىن كۆرۈمسىز، ئورۇق يەتتە ئىنەك چىقىپ، دەريا بويىدىكى ئىنەكلەرنىڭ يېنىغا كەپتۇ. كۆرۈمسىز، ئورۇق ئىنەكلەر چىرايلىق، سېمىز ئىنەكلەرنى يەپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن فىرئەۋن ئويغاندى. ئۇ يەنە ئۇيقۇغا كېتىپ، ئىككىنچى قېتىم چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر تۈپ بۇغدايدىن يەتتە ياخشى ۋە توق باشاق چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چۆل شامىلىدا قاغجىراپ كەتكەن دانسىز، پوچەك يەتتە باشاق چىقىپتۇ. بۇ ئورۇق باشاقلار سېمىز ۋە توق يەتتە باشاقنى يەپ يۇتۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن فىرئەۋن ئويغىنىپ، چۈش كۆرگىنىنى بىلدى.

---

① ئىبرانىي: ئەسلىي ئىبىر دېگەن نامدىن ئېلىنغان، كېيىن يەھۇدىيلار دەپ ئاتالغان خەلق. تەۋرات ۋە زەبۇر ئەنە شۇ ئىبرى تىلىدا يېزىلغان.

② تەۋەك : تال ـ چىۋىقلاردىن توقۇلغان بايىلاك سېۋەت.

سەھەر ۋاقتىدا فىرئەۋننىڭ كۆڭلى ناھايىتى غەش ئىدى. ئۇ مىسىرنىڭ بارلىق سېھىرگەرلىرى، دانىشمەنلىرىنى چاقىرتتۇرۇپ كەلدى. فىرئەۋن ئۇلارغا كۆرگەن چۈشلىرىنى ئېيتىپ بەردى، ئەمما ئۇنىڭغا تەبىر بېرىدىغان بىرەر كىشى تېپىلمىدى.

شۇ چاغدا فىرئەۋننىڭ باش ساقىيسى سۆز ئېلىپ دېدى:

— مەن بۈگۈن گۇناھلىرىمنى ئەسلىتىشكە مەجبۇرمەن. فىرئەۋن جانابىي ئالىيلىرى غەزەپلىنىپ، مېنى ۋە باش ناۋايىنى زىندانغا تاپشۇرغانىدى. بىر كېچىنىڭ ئۆزىدە مەن ۋە جورام بىردىن چۈش كۆرۈپ قالدۇق. ھەربىرىمىزنىڭ چۈشىمىز ئۆزىگە خاس تەبىرنى تەلەپ قىلىدىكەن. ئۇ يەردە بىز بىلەن بىللە ساقچىلار باشلىقىغا خىزمەت قىلىپ يۈرگەن بىر يىگىت بار ئىدى. بىز چۈشلىرىمىزنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردۇق. ئۇ چۈشىمىزگە تەبىر ئېيتىپ بەردى. گەپنىڭ خۇلاسىسى، ئۇ قانداق تەبىر بەرگەن بولسا خۇددى شۇنداق بولدى. مەن ئۆز مەنسىپىمگە قايتۇرۇلدۇم، جورام بولسا ئېسىلدى.

.........

فىرئەۋن بۇنى ئاڭلاپ، يۈسۈپنى زىنداندىن ئېلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى. ئۇلار دەرھال يۈسۈپنى زىنداندىن چىقىرىشتى. چاچلىرىنى ئېلىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇشتى. يۈسۈپ فىرئەۋننىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. فىرئەۋن ئۇنىڭغا:

— مەن چۈش كۆردۈم، لېكىن ئۇنىڭغا تەبىر بېرىدىغان كىشى چىقمىدى. ئاڭلىشىمچە، سېنىڭ چۈشكە تەبىر بېرىشكە پەملىك يېتىدىكەن، — دېدى.

— بۇ مەندىن ئەمەس، — دېدى يۈسۈپ فىرئەۋنگە جاۋاب بېرىپ، — لېكىن خۇدا فىرئەۋنگە خەيرلىك بېشارەت بەرگەن بولسا كېرەك.

فىرئەۋن يۈسۈپكە:

— مەن چۈشۈمدە نىل بويىدا تۇرغان ئىكەنمەن. شۇ يەردە دەريادىن سېمىز ۋە چىرايلىق يەتتە ئىنەك چىقىپ، چۈجگۈنلۈكتە ئوتلاپ تۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ كەينىدىن كۆرۈنۈشى سەت، ناھايىتى ئورۇق يەتتە ئىنەك چىقتى. مەن پۈتۈن مىسىر زېمىنىدا ئۇنداق يامان ئىنەكنى كۆرمىگەن ئىدىم. شۇ يامان، ئورۇق ئىنەكلەر ئاۋۋالقى يەتتە سېمىز ئىنەكنى يەپ يۈتتى. سېمىز ئىنەكلەر ئۇلارنىڭ قارنىغا كىرگەن بولسىمۇ قارنىدا بارلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى ئاۋۋالقىدەكلا يامان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئويغىنىپ كەتتىم.

كېيىنكى چۈشۈمدە بىر تۈپتە ئۈسۈپ چىققان يەتتە توق ۋە ياخشى باشاقنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىنچىكە، چۆل شامىلىدا قاغجىرىغان، قورۇق يەتتە باشاق ئۈسۈپ چىقتى. ئىنچىكە باشاقلار ھېلىقى يەتتە توق باشاقنى يەپ يۈتتى. شۇ چاغدا مەن بۇنى سېھىرگەرلەرگە ئېيتتىم، ئەمما ماڭا شەرھلەپ بېرىدىغان كىشى چىقمىدى، — دېدى.

www.uyghurkitap.com


يۈسۈپ فىرئەۋنگە دېدى:

ــ فىرئەۋننىڭ چۈشلىرىدە بىر تەگرى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى فىرئەۋنگە بىلدۈرۈپتۇ. يەتتە دانە ياخشى ئىنەك يەتتە يىل؛ يەتتە ياخشى باشاقمۇ يەتتە يىل، چۈشلەرنىڭ مەنىسى بار، ئۇلاردىن كېيىن چىققان يەتتە يامان ۋە ئورۇق ئىنەك بولسا يەنە يەتتە يىل. شۇنىڭدىن، ئورۇق ۋە قاقجىرىغان يەتتە باشاقمۇ شۇ مەنىدە؛ يەنى بۇلار يەتتە قەھەتچىلىك يىلنى بىلدۈرىدۇ. مەن شۇنى دېمەكچىمەنكى، تەگرى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى فىرئەۋنگە نامايان قىپتۇ. پۈتۈن مىسىر مەملىكىتىدە يەتتە يىل ناھايىتى پاراۋانلىق بولىدۇ. شۇ دەۋردىن كېيىن يەتتە يىل قەھەتچىلىك بولىدۇ. مىسىرنى خاراب قىلىدىغان بۇ قەھەتچىلىكنىڭ ئېغىرلىقىدىن مەملىكەت كۆرگەن ئىلگىرىكى پاراۋانلىق دەۋرى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىپ كېتىدۇ. كېيىن پەيدا بولىدىغان قەھەتچىلىك شۇنداق ئېغىر بولىدۇكى، مەملىكەتتە ھېچقانداق پاراۋانلىق بولمىغاندەك تۇيۇلىدۇ. چۈشنىڭ فىرئەۋنگە ئىككى قېتىم تەكرار نامايان بولۇشى شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، بۇ ئىش خۇدا ئالدىدا مۇقەررەردۇر، ئۇ بۇنى كېچىكتۈرمەي ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەمدى فىرئەۋن جانابىي ئالىيلىرى ئەقىللىق ۋە دانا بىر ئادەمنى تاللاپ، ئۇنى مىسىر دىيارى ئۈستىدە قويسۇنلەر، تاكى ئۇ ئالىي پەرمان بىلەن يەتتە پاراۋانلىق يىلى بەدىلىدە مىسىرنىڭ مەھسۇلاتىدىن 5 تىن 1 قىسمىنى ئاجرىتىپ يىغىش ئۈچۈن، مەملىكەت بويىچە نازىرلارنى تەيىنلىسۇن، كېلىدىغان ياخشى يىللاردا پۈتۈن ھوسۇلنى يىغىپ غەملەپ قويۇشسۇن، شەھەرلەردە ئوزۇق ـ ئوقەت بولسۇن ئۈچۈن ئاشلىقنى فىرئەۋننىڭ ئامبارلىرىغا غەملەپ ساقلاشسۇن. مىسىرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان يەتتە يىللىق قەھەتچىلىك دەۋرىدە مەملىكەتنىڭ قىرىلماسلىقى ئۈچۈن بۇ ئوزۇق ـ ئوقەتلەر زاپاس ساقلىنىدۇ.»

(ئۆزبېكچە «مۇقەددەس كىتاب ــ ئىنجىل، تەۋرات، زەبۇر»، بىبىلنى تەرجىمە قىلىش ئىنستىتۇتىنىڭ 1992 ـ يىل ستوكھولم نەشرى، تەۋراتنىڭ «ئىپتىدا» قىسمى 83 ـ 86 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.)

## ئىككىنچى خاتىرە

## چۈش ئىنساننىڭ تۇيغۇسىمىدۇر؟

چۈش ئادەم ئۈچۈن بىر خىل بېشارەتمۇ؟ ئادەم بېشارەتنى سېزىۋالامدۇ؟ تۆۋەندىكى ئىككى مەشھۇر ۋەقەگە قاراڭ:

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى ئابراھام لىنكولىن (1809 ـ 1865) ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن. بۇ ۋەقەنى پۈتۈن ئامېرىكىدا يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بىلمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك ...

لىنكولىن 1865 - يىلى 4 - ئاپرېلدا قەست بىلەن ئۆلگەن، لېكىن ئۇ ئۆلۈشتىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلىرى جەم بولغان بىر سورۇندا سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مۇنداق بىر يامان چۈش كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن:

«قارىسام، چۈشۈم، ئەتراپىم جىمجىت، بىرمۇنچە ئادەم يىغا - زارى قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەسرەت بىلەن يىغلىماقتا. نېمە ئىش بولغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ ھۇجرامدىن چىقتىم. ئۆيمۇئۆي ئارىلاپ ئۆتۈپ، ئاخىر بىر ئۆيگە كىردىم. ئۇ ئۆيدە بىر جىنازا تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدا بىر مېيىت يېتىپتۇ. ئەتراپىدا بىر توپ ئادەم يىغا - زارى قىلىشىپتۇ.

— ئاقسارايدا كىم ئۆلۈپتۇ؟ — بىر ئەسكەردىن سورىدىم.

— رەئىس جۇمھۇرنى قەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى ئەسكەر.»

سورۇندا ئولتۇرغانلار لىنكولىننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تولىمۇ پەرىشان بولدى، بىر - بىرىگە قارىشىپ، جىم بولۇپ قالدى.

ئەسلىدە بۇ بىر خىل بېشارەت ئىكەن. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندە بۇ بېشارەت ئەمەلىيەتكە ئايلاندى: لىنكولىن بىر تىياتىرخانىدا ئوققا ئۇچراپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قازا تاپتى.

* * *

ئامېرىكىدا يەنە مۇنداق بىر ۋەقە ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ كەلمەكتە، بۇ ۋەقەدە روزا. ئىلسۇن ناملىق بىر خانىمنىڭ كۈتۈلمىگەن بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

روزا. ئىلسۇن خانىم ساينىت لۇئىس شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ چىكاگو شەھىرىگە سەپەر قىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، چىكاگوغا 30 كىلومېتىر قالغان يەردىكى بىر يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق دوستىنى يوقلاپ بېرىپتۇ ۋە ئۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ قاپتۇ. ئۇ جىمجىت يېزا مۇھىتىدا راھەتلىنىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ - دە، چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە:

سۇتتەك ئايدىڭ كېچە، دالاندىكى قوڭغۇراق سائەت «بوڭ ... بوڭ ... بوڭ» قىلىپ 12 نى سوقۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا تاشقىرىدىكى تاشيولدىن ئاتنىڭ تاقىراقلاپ ماڭغان ئاۋازى كەپتۇ.

— يېرىم كېچىدە بىرەر مېھمان كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟!

روزا خانىم شۇنداق خىيال بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزە پەردىسىنىڭ ئاراشلىرىدىن تاشقىرىغا قاراپتۇ.

دوستىنىڭ دادىسى شۇ يېزىنىڭ زېمىندارى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆيلىرى ۋە ھويلا - ئاراملى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رى تولىمۇ ھەشەمەتلىك ئىكەن. روزا خانىم ئۆزى ياتقان ھۇجرىدا تۇرۇپ ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. ھۇجرىنىڭ ئىشىك ئالدىدىن تاكى چولڭ دەرۋازىغىچە تۇخۇمدەك تاش تىزىپ ياسالغان تەكشى يول بار ئىكەن.

روزا خانىم قارىسا، تاشيولدا كېلىۋاتقىنى مېيىت ھارۋىسى ئىكەن. ھارۋىدا مېيىت ساندۇقى كۆرۈنمەپتۇ، لېكىن لىق ئادەم ئولتۇرۇپتۇ.

ھارۋا روزا خانىم تاشقىرىغا قاراپ تۇرغان دېرىزە ئالدىغا كەلگەندە ھارۋىكەش ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، روزا خانىم قاراپ تۇرغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۇ بىر دەھشەت سەت، بەتبەشىرە ئەر كىشى ئىكەن! روزا خانىم ئۇنى كۆرۈپ، تېنى جۇغۇلداپ كېتىپتۇ، قاتتىق قورقۇپتۇ.

— يەنە بىر ئادەم سىغىدۇ! — ھېلىقى ئەر كىشىنىڭ ئۇنلۇك ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

روزا خانىم بۇ ئۇنلۇك ئاۋازنى ئاڭلاپ، دەرھال دېرىزە پەردىسىنى يېپىپ قويۇپ، ئۆزىنى ياتقان كارىۋىتىغا تاشلاپتۇ ـ دە، بېشىنى يۇڭ ئەديال بىلەن چۈمكىۋاپتۇ ...

ئەتىسى سەھەردە روزا خانىم ئاخشام «كۆرگەن، ئاڭلىغان» لىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ چۈشى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا يۈرىكى جايىغا چۈشمەي، دوستىنىڭ شۇنچە تۇتۇپ قالغانلىقىغىمۇ قارىماي، ئالدىراپلا خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

روزا خانىم چېكاگو شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن، بىر چولڭ ماگىزىنغا لازىملىق نەرسە-لەرنى ئېلىشقا بېرىپتۇ. ئۇ ماگىزىندا يۇقىرى قەۋەتلەرگە چىقىپ ـ چۈشىدىغان لىفت بار ئىكەن. بۇنداق لىفت (ئاپتوماتىك پەلەمپەي) شۇ چاغلاردا ئادەتتىكى ماگىزىنلاردا ئاز ئۇچرايدىكەن.

ماگىزىننىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىگە چىقىپ قالغان روزا خانىم تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان لىفتنى كۆرۈپ لىفت بىلەن چۈشكۈسى كەپتۇ. لىفت ئادەمگە تولۇپ كەتكەچكە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. لىفت خادىمى ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ:

— يەنە بىر ئادەم سىغىدۇ! — دەپتۇ.

— ھە؟ ! — روزا خانىم «ھە؟ ! » دەپلا تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ گەپ ئاخشامقى ھارۋىكەشنىڭ گېپى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ! — بولدى، مېڭىپ چۈشەي.

روزا خانىم شۇ گەپنى قىلىپلا پەلەمپەيگە قاراپ مېڭىپتۇ. دەل شۇ چاغدا قاتتىق تاراڭ ـ تۇرۇڭ ئاۋاز كۆتۈرۈلۈپتۇ ـ دە لىفت كىشىلەرنىڭ چۇقان ساداسى ئىچىدە خۇددى ساقىغان يۇلتۇزدەك گۈلۈپلەپ چۈشۈپتۇ. لىفت پاچاقلىنىپ كېتىپتۇ، لىفتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى جېنىدىن ئايرىلىپتۇ.

روزا خانىم ئاخشامدىكى چۈشىدە ئايان بولغان بېشارەت مۇناسىۋىتى بىلەن بالا ـ قازادىن ساقلىنىپ قاپتۇ.

# تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

ئابدۇللا روزىمۇھەممەت

△ ئەڭ رەزىل دۈشمىنىڭمۇ ساڭا ئادالەتسىز پادىشاھ، ئازازۇل خوتۇن، ئەقىلسىز دوست، كۆيۈمسىز قېرىنداش ۋە نائىنساپ سەپەردىشىڭدەك يامانلىق قىلالمايدۇ.

△ ئادەملەردە ئىنساپ قالمىغاندا، كىشىلەر تۈرلۈك قانۇن - تۈزۈم ۋە سىياسەتلەر ئارقىلىق ئۆز مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ، شۇنداقلا ھۆججەت ۋە توختامنامىلەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

△ پۇل، ھوقۇق ھۆكۈمران ئەلدە ھەممە ئادەم شەخسىيەتچى بولۇپ كېتىدۇ.

△ بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ جاۋابكارى بولمايدۇيۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر قۇربانلىقىقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

△ مۇشۇ كەملەردە «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى»، «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر» دېگەن ھېكمەتلەردىن تولىمۇ گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى، بىر ئادەم ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ بولغۇچە، باشقىلار ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويىدىغان، ئۆز ئىشلىرىغا تەدبىر ئويلاپ بولغۇچە، باشقىلار ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى كىشەنلەپ قويىدىغان ئەھۋاللار تولىمۇ كۆپىيىپ كەتتى.

△ بۇ دۇنيادا ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدە قالمايدىكەن. تەقدىر ئىنساننىڭ بىر خاتالىقى ئۈچۈن ھەسسىلەپ بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلىدىكەن. بىرنەچچە تونۇشلىرىم ئاتا - ئانىسى ھايات ۋاقتىدا قەدىرلىمەي، ئۇلارنىڭ بېقىپ چوڭ قىلغان «گۇناھى» ئۈچۈن نۇرغۇن پۇشايمان قىلدۇرغان ئىدى. مانا ئەمدى ئاشۇ كۆزلىرىنىڭ سۆيىلىرىنى ئېقىتىپ، ياقىلىرىنى چىشلىشىپ، «نەدە سەن ئاتا؟ رازى بول، ئانا» ... دەپ تەزىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ.

△ خاتالىق ئۆتكۈزۈشنى بىلمىگەن ئادەم، ھېچ ئىش قىلىشنى بىلمەيدۇ.

△ تەبىئىيلىك يوقالغان جايدا تۇرمۇشنىڭ ھالاۋىتىدىن مۇشەققىتى كۆپ بولىدۇ.

△ ئادەملەر نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلانغاندا ئاسىيلىق، مۇناپىقلىق يولىغا قاراپ ماڭىدۇ.

△ ئەخمەقلەر ئەخمەق ئەمەس، ئۇلاردىن ئىبرەت ئالمىغۇچىلار ئەخمەق.

△ پارىخورلۇق ئەۋج ئالغان ئەلدە يوللۇق ئىشلارنىڭ بېجىرىلىش ۋاقتىمۇ ئارقىغا سۈرۈلىدۇ.

△ ئۆزىلا كۈلۈشنى ئويلىغان ئادەم مەڭگۈ كۈلەلمەيدۇ.

△ ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ قالغان ۋاقىت، شۇ جەمئىيەتتە ھەسەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خورلۇقنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقىنىڭ بىشارىتى.

△ ئۆز ئەركىنلىكىگە ئىگە بولالمىغان ئادەم، باشقىلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

△ گۇناھ تۇيغۇسى يوقالغان ئادەم، ۋىجدان ئازابى تارتمايدۇ.

△ كۈچلۈكلەرنىڭ دۈشمەنلىرى ھېچبىر سەۋەبسىزلا، ئۇلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

△ ئىت ھەرقانچە يامان بولسىمۇ ئۆز ئىگىسىگە خىرىس قىلالمايدۇ ۋە ئۆز ياللىقىدىن نېرى كېتەلمەيدۇ.

△ ھۆرۈنغا خارۇزارلىق، غەزەپكە پۇشايمان، ئەخمەققە مەغلۇبىيەت، مۇھەببەتكە ھىجران، بىلىمسىزگە ھالاكەت، مەردكە ئادالەت، ساخاۋەتكە ھۆرمەت، ئوغرىغا نەپرەت، ئىناقلىققا سائادەت، بۆلۈنمىچىلىككە قۇلچىلىق، خۇشامەتچىگە ساختا كۈلكە مەڭگۈ ھەمراھ.

△ «تەڭلىك نىسپىي، تەڭسىزلىك مۇتلەق». شۇڭلاشقا، جاھاننىڭ ئىشلىرى تەڭسىزلىك بىلەن تولغان.

△ غەيرەتسىز كىشىلەر ئۆتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلىش بىلەن تالاي پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئۈمىدۋار كىشىلەر ئۆز مەغلۇبىيىتىدىن ساۋاق ئېلىپ، كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارايدۇ. مانا بۇ بەختلىك ئىنسانلار بىلەن بەختسىز ئىنسانلارنىڭ پەرقى.

△ ئادەم ئۆز ئەركىنلىكىنى يوقاتقان چاغدا، ۋىجدانىغا خىلاپلىق قىلىدۇ.

△ بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئەخلاقىنى ئۇلارنىڭ پۇلغا بولغان مايىللىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

△ خۇشامەتچىلەر كۆپەيگەن ئەلدە ھەممە ئىشلار رەسمىيەت تۈسىنى ئالغان بولىدۇ.

△ ئىنسانىي ۋىجدان ئىگىسى بولغان بولسا، بۇ دۇنيا مېھىر - شەپقەت بىلەن تولغان بولاتتى.

△ مەغلۇبىيەتچىلەر بولمىسا غالىبىيەتچىلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئادەتتە مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ ئازابى بىلەن غالىبىيەتچىلەرنىڭ تارتقان جاپاسى تەڭ قىممەتتە بولىدۇ.

△ باشقىلارغا كۆرەلمەسلىك نەزىرىڭ بىلەن قارىغان ۋاقتىڭدا، ئۆزۈڭ ئارتۇقچىلىقلىرىڭمۇ ساڭا كەمچىلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

△ ئاياللارنىڭ ھىيلە - نەيرىڭى ئالدىدا ئەرلەر مەڭگۈ ساۋاتسىز.

△ پۇلنى كۆرگەندە، ئەقىل قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ.

△ ئاتا - ئانىلار باللىرىغا كۆيۈنىمەن دەپ گاھى چاغلاردا ئۇلارنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قويىدۇ.

△ ھۆرمەتسىز ئادەم ھىمايىچى بولغاندا قەدىرلىك بولۇپ قالىدۇ.

△ بەزى ۋاقىتلاردا چەكتىن ئاشقان مەسئۇلىيەتچانلىق ئادەمگە پالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ.

△ ئەخلاقنىڭ تەقدىرى تراگېدىيىگە يۈزلەنگەن جەمئىيەتتە، ناشايان ئىشلار جەمئىيەتلەشكەن بولىدۇ. ئەخلاقسىزلىق ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ، بىر قىسىم «خۇراپىي»

كىشىلەر چەتكە قېقىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەقدىرى بىر قىسىم «ئەخلاقلىق، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى» نىڭ قولىدا بولىدۇ.

△ ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بىر پۈتۈنلۈك يوقالسا، ھەر ئىككىلا تەرەپ ئەخمىقانە يولغا قاراپ ماڭىدۇ. جەمئىيەت ئېتىراپ قىلالمايدىغان بىنورمال ئىشلار ئۇلارغا نورمال ئىشتەك بىلىنىپ، پەسكەشلىكلەردىن ئۆز كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇشقا ئىنتىلىدۇ. بۇ خۇددى كىشىلەرنىڭ قەلبى بۇلغانغاندا پەسكەش ئىشلار ئۈچۈن ئالدىراپ، ناپاك ئىشلارغا خەجلىگەن پۇللىرىنى ھالال ئىشلارغا خەجلىگەندەك ھېس قىلىدىغان بىر ئىش.

△ باراۋەرلىكتىن بىرلىك تۇغۇلىدۇ. ھەممىنىڭ مەنپەئىتىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرمەي تۇرۇپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. تارىخ شۇنداق ئىسپاتلىدىكى، نۇرغۇنلىغان خاتالىقلار باراۋەرسىزلىك دەستىدىن گۇمرانلىققا يۈزلەندى ۋە گۇمران بولدى.

△ غەيۋەت - شىكايەت، پىتنە - پاسات جەمئىيەتلەشكەن ئەلدە ھەممە ئادەم مەنمەنچى بولۇپ كېتىدۇ.

△ ئەگەر بىر قىز بەخت ئىزدەش يولىدا ئۆز پاكلىقىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇ مۇھەببەت كوچىسىدا مەڭگۈ تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

△ ئاياللارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى تۆكۈلسە، مىللەت تولىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

△ بىر مىللەتنىڭ خارابلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ بەلگىسى — ئالىملارنىڭ تۆگەپ كېتىشى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى چېكىنىش بولماستىن، بەلكى ئاياللاردا ئىپپەتنىڭ تاۋارلىشىشى، ۋىجدان - غۇرۇرنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبارەت. ئاياللار پاكلىقى يوقالغان مىللەتتىن ياراملىق ئەۋلادلارنىڭ چىقىشى تولىمۇ تەس، شۇڭلاشقا بىر مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئائىلە ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مۇستەقىل كۆزقاراشنى يېتىلدۈرۈپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

بۇ ھەقتە بالزاك ئاللىبۇرۇن «مىللەتنىڭ تەقدىرى ئانىلارنىڭ قولىدا» دېگەن ئۆلمەس يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويغان.

△ ھەقىقەتنى ئاياغ ئاستى قىلغۇچىلارنىڭ ھەقىقەت توغرىسىدىكى ئىسيانلىرىنى ئاڭلىسا، خۇدامۇ تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىدۇ.

△ ئاياللار بىلەن ھارامدىن بىرگە بولماق، مۇقەررەر ھالدا بىرەر پېشكەللىككە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەرلەرنىڭ ئاياللار بىلەن ھارامدىن بىرگە بولۇشتا ئامىتى كەلگەن ۋاقىت مۇقەررەر ھالدا شۇ كىشىنى بىرەر پېشكەللىك كۈتۈپ تۇرغان ۋاقىتتۇر. بۇ كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدىكى ئەڭ ئاددىي ئەقەللىي ساۋات.

# سوئنغان ساتار①

(مەشرەپ ھەققىدە قىسسە)

مىركەرىم ئاسىم (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

* * *

## 5. شەيتان بىلەن جەڭگى - جېدەل

مەشرەپ ئۆزىنىڭ سادىق دوستى پىرىمەست بىلەن ئېشىكىنى يورغىلىتىپ كېتىپ باراتتى. ئىتى قىتمىر گاھى يەرلەرنى پۇراپ ئارقىدا قالاتتى، گاھىدا ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، قۇلىقىنى دىڭگايتقىنىچە ئىگىسىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ئافاق خوجىنىڭ ئىشىنى قىلىپ ھارغان، چىرايى قارىداپ پۇرۇلۇپ كەتكەن پاكار بويلۇق پىرىمەست ئەمدى ئۆزىنى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك يېنىك ھېس قىلاتتى، ناخشا ئېيتقۇسى كېلەتتى. بىراق، پېشانىسى تۈرۈلگەن ئويچان ھەمراھىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالاتتى.

قەشقەر شەھىرى كەينىدە قېلىپ ماۋەرائۇننەھر شامىلى كۆكسىگە ئۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، مەشرەپنىڭ يۈزىنى قاپلىغان غەم بۇلۇتى تارقاپ، چىرايى ئاستا - ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى، كۆڭلىدە پەيدا بولغان ھېس ئۇنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ چىققۇۋاتقاندەك بولدى.

ئۇلار داۋان ئېشىپ، چۆل - باياۋانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئېشەكلىرىنى ھاردۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، بەزىدە پىيادە مېڭىپ، ئون كۈن دېگەندە ئەنجان شەھىرىگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇ يەردە بىر كۈن دەم ئېلىپ، يەنە يولغا چىقىشتى. ئەگەر ئىتتىك مېڭىشسا، تاشكەنتكە ئىككى ھەپتىدە يېتىپ بېرىشلىرى مۇمكىن ئىدى. تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىپ، تاغ باغرىلىرىدىكى غارلاردا، دەل - دەرەخلەر ئاستىدا قونۇپ، يول بويى سۆھبەتلىشىپ، مەنزىلگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بايقىماي قالدى.

تاشكەنت ئاخشىمى. شەھەر شاۋقۇنى بېسىلغان، بازار تارقىغان چاغ. سودىگەرلەر دۇكانلىرىنى يېپىپ ئۆيلىرىگە، چەتتىن كەلگەنلەر ئۆز قىشلاق ۋە ئاۋۇللىرىغا كېتىشمەكتە. دوپپا بازىرى يېنىدىكى كارۋان سارايىنىڭ دەرۋازىسى كەڭ ئوچۇق بولۇپ، دېھقانلار، كۆچمەنلەر ئات - ئېشەكلىرىنى، تۆگىلىرىنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىشمەكتە ئىدى.

يۈز - كۆزىنى چاڭ باسقان پىرىمەست ھەمراھىنى كارۋان سارىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قويۇپ، ئېشىكىنى يېتىلىگەن پېتى ئىچكىرى كىردى - دە، دەرۋازىنىڭ بىر چېتىدىكى سۇپا تۆپىسىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان سارايۋەنگە سالام بەردى، كېيىن ئۇياق - بۇياققا قاراپ، پەس ئاۋاز بىلەن بىر نېمە دېدى.

---

① بېشى ئالدىنقى ساندا

— ھە، بوش ھۇجرا بار، كىرىۋېرىڭلار، ئۇ كىشىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغانمىز، تۇنۇگۇن قەشقەرلىق سودىگەرلەر نېمىشقا كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، — ساقىلىغا ئاق كىرگەن چوقۇر سارايۋەن ئورنىدىن قوپۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، مەشرەپنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى.

— ۋاپات بولمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىككى ئېشەكنى چۆلۈۋۈرىدىن تۇتۇۋالغان پىرىمەست تەشۋىش بىلەن.

— ياق تېخى ھاياتدۇر، ئەمما ھالى بىر ئاز ئېغىرلاشقان، — دېدى سارايۋەن بىر ئۇنىڭغا، بىر مەشرەپكە قاراپ، — ئۇ ئادەمنىڭ قانداق ئۇلۇغ زاتلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ زات مەشھۇر ھاجى نۇرىددىنىنىڭ نەۋرىسى - ھە! ھۇزۇرىغا ھازىر راۋان بولغايمۇ سىز؟!

— ياق، ئەتىگە، — دېدى مەشرەپ تەرىنى تۇرمەي، — ئاۋۋال قورساقنى تويدۇرۇپ، دەم ئېلىپ، يۇيۇنۇۋالايلى.

— شەيتان بىلەن جەڭگى - جېدەل قىلىش ئۇچۇن كۈچ توپلاپ، تەييارلىق قىلىش كېرەك، — دېدى پىرىمەست ئېشەكلىرىنى يېتىلەپ ئېغىل تامان كېتىۋېتىپ.

ئەتىسى مەشرەپ كېچىسى يەم يەپ راسا تويۇۋالغان ئېشىكىگە مىنىپ، ھەمراھى بىلەن ئىتنى ئەگەشتۈرگەن پېتى دەرۋازەئى سەمەرقەند تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئاق يەكتەك، بېلىدە بىر نەچچە قېتىم ئورالغان قىزىل پوتا، پۇتىدا چورۇق بولۇپ، مۈرىسىگە چۈشكەن قارا بۇدرە چېچى يەلپۈنۈپ تۇراتتى، كەينىگە بىر توپ ئادەم ئەگىشىۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىش تاپالماي يۈرگەن مەدىكارلار، قىرىق ياماق چەكمەن كىيگەن دىۋانە-لەر، ئىخلاسمەن موللىلار، ياشلار كۆپ ئىدى. ئىگىسىگە ئەگىشىپ كېتىۋاتقان قىتمىر ھېچكىمنى ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن يولاتمايتتى.

چارسۇغا يېقىنلاشقاندا شائىر ئېشىكىگە تەتۈر مىنىۋالدى.

— ۋاي، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ موللىلار، مەشرەپ تازا بىر دىۋانىكەن[1]. ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭلار، دەپ گەپ تارقىتىدۇ، — دېدى يېنىدا كېتىۋاتقان پىرىمەست.

— شۇنچىۋالا ئادەملەر ماڭا ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ، قانداقچە ئۇلارغا كەينىمنى قىلىپ ماڭىمەن؟ — دېدى مەشرەپ ئىخلاسمەنلىرىگە قاراپ كۈلۈپ. دەۋر - دەۋران ئۇلارغا يۈزىنى تەتۈر ئۆرۈگەن، قورسىقى توق مۇتەئەسسىپ موللىلار نېمە دېسە دەۋرسۇن. قەلبى تىغى ستەمدىن[2] يارا بولغان خەلق ئۇلارغا ئىشەنمەي قويغان. كەمبەغەللەر تۇرلۇك ناز ۋ نېمەتلەرنى يەپ سەمىرىپ كەتكەن مۇتەئەسسىپ ئىشان، ئۆلىمالاردىن ئەمەس، بەلكى ھەقىقانىي سۆزنى ئېيتىدىغان دىۋانىلاردىن كۆپرەك كارامەت كۈتىدۇ. ساڭا بىر سۆزنى ئېيتىپ قوياي، دىۋانە بولمىغۇچە بۇ زاماندا ھەقىقانىي سۆزنى ئېيتقىلى بولمايدۇ.

— راست، خالايىقنىڭ سىزگە بولغان ئىخلاسى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر، — دېدى پىرىمەست كۈلۈمسىرەپ.

كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن مەشرەپ سەكرەپ يەرگە چۈشتى. ئېشەكنى يېتىلىگەن

---

① دىۋانە - سارالڭ
② تىغى ستەم - زۇلۇمنىڭ نەشتىرى، ئازاب تىغى

يېتى يۇقىرىغا چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە تەتۈر مىنىۋالدى.

مەشرەپ خانىقا ئالدىغا كېلىپ، ئېشەكتىن چۈشكەندىن كېيىن مۇرىتلار ئېگىلىپ سالام بېرىشتى. ھەممە ئۇنىڭ ئافاق خوجىنىڭ ئەمرى بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلەتتى.

شائىر ئېتىنى ئەگەشتۈرگەن يېتى ئىچكىرىگە قەدەم تاشلىدى. خانىقانىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى «ھۇجرىئى خاس» نىڭ تۆرىدە كىمخاپ كۆرپە تۆپىسىدە ھاجى نۇر جۈيلۈپ ياتاتتى. مەشرەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا سالام بەردى. مۇرىت يىغىپ بايلىق توپلىغان، تەكرار - تەكرار ئۆيلىنىپ، دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرگەن ئىشاندىن سادا چىقمىغاچ: «ھالىڭ شۇ ئىكەنغۇ، قۇرۇق ھارۋىنى ئېلىپ قېچىپ نېمە قىلاتتىڭ!» دەپ ئويلىدى شائىر. ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان ئاچچىق سۆزلىرى غەزەل يىپىغا مارجاندەك تىزىلىشقا باشلىدى:

*مەن سالام بەردىم ساڭا، قىلغان ئىشارىتىڭ قېنى؟*
*مەردى ھەقنى بىلگىنى ئەمدى كارامىتىڭ قېنى؟*
*ئېتىمادى قال ئېتىپ، قالدىڭ ئارا يوللاردا سەن،*
*تىنمايىن شامۇسەھەر قىلغان ئىبادىتىڭ قېنى؟*
*يەتتە مەرتە ھەج قىلىپ، مالىڭنى سەن تاراج ئېتىپ،*
*دەستگىرى ئاخىرەت بولغان ساخاۋىتىڭ قېنى؟*

ئىشاننىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىنىسى بىلەن ئوغلى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، چەكچەيگىنىچە بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى. شائىر بولسا ئۇلارغا پەرۋا قىلماي كىسەلنىڭ يېنىغا كېلىپ تىزلاندى - دە، ھافىز ۋە نەۋائىنىڭ غەزەللىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ھاجى نۇر پىچىرلاپ، بىر نېمە دەپ غىڭشىدى - يۇ، كېيىن ئەندىكىپ نەپەس ئىتتىكلەشكە باشلىدى. ئۇ جان ئۈزگەندىن كېيىن، مەشرەپ ئورنىدىن قوپۇپ:

— ئېڭىكىنى تېڭىپ قويۇڭلار، ئىشان دارۇلبەقاغا كەتتى! — دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. قىتمىر غىڭشىپ ئىشىك ئالدىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ئۈزۈن ئۆتمەي خانىقاغا توپلانغان خالايىق ئارىسىدا «ھاجى نۇر ئىمان كەلتۈرۈپ جان ئۈزۈپتۇ. دىۋانە مەشرەپ شەيتان بىلەن جەڭگى - جېدەل قىلىپ، ئۇنىڭ ئىمانىنى ساقلاپ قاپتۇ» دېگەن سۆزلەر تارقالدى.

شۇ چاغقىچە ھېچكىم ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئىشنى قىلىپ، خۇراپات بەندىلىرىنى ھەيران قالدۇرغان، مۇتەئەسسىپ ئىشاننىڭ ئابرۇيىنى بىر تىيىن قىلغان شائىر چوڭ كوچىغا چىققاندا ئىخلاسمەنلىرى ئۇنى ئارىغا ئالدى.

قاپقارا ساقاللىق، جۇلدۇر چاپانلىق بىر كەمبەغەل يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى يۈزىگە سۈرتتى - دە، دۇئا تەلەپ قىلدى. مەشرەپ پوتىسىنى يېشىپ:

— كىمگە سىغىنىۋاتىسەن، ئەي دىۋانە، — دەپ ۋارقىرىدى، — ئۆزۈڭدەك تىنىغى

ستەمدىن يۈرىكى پارە بولغان بىر يالاڭ ئاياغقا؟ قاچ، تۆپەڭگە پىشاپ قىلىۋېتىمەن!
ئۇنىڭ پېشىنى يۈزىگە سۈرتمەكچى بولغان ئىخلاسمەنلەر گۇر قىلىپ قېچىشتى.

— بۇرادەرلەر! — دەپ خىتاب قىلدى شائىر ئۇلارغا قاراپ، — ئۆزلىرىنى ئەۋلىيا كۆرسەتكەن قەلەندەرگىمۇ، دەرۋىشلەرگىمۇ، قەنت - ناۋات يەپ سەمرىپ كەتكەن مۇتەئەسسىپ ئۆلىما، قازى، موللا - ئىشانلارغىمۇ ئىخلاس قىلماڭلار، ئۇلار نۇرى ھەقنى توسۇپ تۇرىدۇ!

توپلانغانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاشتى. توپ ئارىسىدىن:

— راست گەپنى دەۋاتىدۇ. بىزنىڭ بىردىنبىر خۇدادىن باشقا پۇشتىپاناھىمىز يوق، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

شائىر بىلەن پىرىمەست ئېشەكلىرىگە مىنىپ، قىتمىرنى ئەگەشتۈرۈپ چارسۇ تەرەپكە كېتىشتى. ئىخلاسمەنلەر يىراقتىن كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىشەتتى. كۆكەلداش مەدرىسىسىگە يېقىنلاشقاندا، جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ، بىر - بىرلەپ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقانلارنى كۆرۈپ مەشرەپ ئېشىكىنىڭ نوختىسىنى تارتتى.

— تونى يېپەك، كۆڭلى كېپەك رىياكار موللىلارنى كۆرسەم قېنىم قايناپ، غەزەپتىن ئۆزۈمنى تۇتالماي قالىمەن، ئۈستىلىرىگە پىشاپ قىلىۋەتكۈم كېلىدۇ. ئېشىكىمنى تۇتۇپ تۇر، پىرىمەست، مەن ھازىر ...

— ھەي، بىر ئىش تېرىپ، بېشىمىزغا بالا - قازا تاپماڭ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ.

مەشرەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشىماي، ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، مەدرىسە پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇككاشە بۇلىقىنىڭ يېنىدا ئېشەك بىلەن ئىتنى تۇتۇپ تۇرغان پىرىمەست ھاياجان ئىچىدە ھەمراھىنىڭ نېمە ھۈنەر كۆرسىتىشىنى كۈتەتتى.

ئارىدىن بىر نەچچە دەقىقە ئۆتەر - ئۆتمەيلا مەدرىسە دەرۋازىسى ئالدىدا شاۋقۇن - سۈرەن باشلاندى، يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان پىرىمەستنىڭ قۇلىقىغا بىر - بىرسى بىلەن تىللىشىۋاتقان، ئېلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ چۇقانى ئاڭلاندى. بىر دەمدىن كېيىن مەشرەپ بىر توپ ئىخلاسمەنلىرى بىلەن ھەمراھىنىڭ يېنىغا يېنىپ كەلدى - دە، ئۇككاشە بۇلىقىدا قولىنى يۇيدى، مېيىقىدا كۈلگىنىچە، ئالدىرىماي قولىياغلىقىغا قولىنى سۈرتتى، ئاندىن بىر سەكرەپ ئېشىكىگە مىنىۋالدى - دە، ھەمراھى بىلەن بىللە دوپپا بازىرىدىكى كارۋان سارىيىغا قاراپ ماڭدى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇلار ھۇجرىدا ناشتا قىلىپ ئولتۇرغاندا كونا بەقەسەم تون كىيگەن، كۆتمەك ساقال سوپى سۈپەت بىر ئادەم ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولۇپ:

— دەرھال، ياخشىلىقچە تاشكەنتتىن چىقىپ كېتىدىكەنسىز. قازىكالاننىڭ بۇيرۇقى! — دېدى.

— بۇ شەھەرنىڭ قازىسى كىم؟ — دەپ سورىدى شائىر كۆزلىرىنى قىسىپ.

— موللا كامالىددىن خوجا ئىشان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurmap.com


ــ سىز ئۇ كىشىنىڭ چاپارمىدىمىز؟
ــ ياق، فەرراشلىرى.
ــ سىز ئۇ موللا كامالىددىن خوجا ئىشانغا بېرىپ ئېيتىڭ. ئۆزۈممۇ تاشكەنتتىن بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندىم. بۇ شەھەرنىڭ شەيخ - موللىسىنى كۆرۈپ كەيپىم قاچتى، دالىغا چىقىپ كېتىپ، ئەپسىمنى رۇسلىۋېلىشىم كېرەك!
ئۇلار يالغۇز قالغاندىن كېيىن مەشرەپ سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان پىرىمەستكە:
ــ يول ھازىرلىقىنى كۆرۈۋەر، ئېشكىمىزنىڭ بېشىنى بۇخارائى شەرىف ياققا بۇراي - مىز، ــ دېدى.
ــ بەك ياخشى، بۇ يەردىن چاپسانراق چىقىپ كېتىش كېرەك. ئۇ مۇبارەك شەھەرنىمۇ تاۋاپ قىلايلى. «بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلامى دىنەست» دەپ بىكارغا ئېيتىمىغان بولسا كېرەك.
ــ بۇ رىياكار موللىلاردىن چىققان گەپ. ئۇلار بۇخارائى شەرىفنى ئىگىلەپ، ئەمىرنى تىزگىنلىۋالغان. ئۇلار ھەققانىي گەپ قىلغانلارنى قامچىلايدۇ.
ــ ئەمما بۇخارا تاشكەنت ئەمەس. بۇ يەردە ئۆلىمالارغا بىھۆرمەتلىك قىلىپ، ئاسانلا قۇتۇلدىڭىز، مۇخلىسلار ئارىغا چۈشتى، ئەمما بۇخارادا ئۇنداق قىلماڭ.
ــ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى بارغاندا كۆرىسەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى مەشرەپ ئىستىھزا ئارىلاش كۈلۈپ.

## 6. بۇخارا بوسۇغىسىدا

بۇخارالىقلار خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ، ئۆي - ئۆيلىرىگە كەتمەكتە ئىدى. شەھەر شاۋقۇنى بېسىلغان، ئاندا - ساندا كارۋان سارايلاردىن تۆگىلەرنىڭ بۆكىرىشى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى، تۆگىچىلەرنىڭ ئاۋازى قۇلاققا كىرەتتى.
ــ ئادەملەردىن سوراپ - سۈرۈشتە قىلىپ بىرەر كارۋان سارايى تاپساق بولاتتى، ــ دېدى شا دۆلەت پىرىمەست ئېشكىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئاستا تارتىپ. ناتونۇش شەھەرگە كۆكۈم چۈشكەندە كېلىپ بىر ئاز تەمتىرىگىنى ئۇزايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.
ــ بۇخارادا نېمە كۆپ، مەسچىت كۆپ، بىرەرىگە كىرىپ قونىمىز، ــ دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئاگاھسىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان مەشرەپ بىپەرۋالىق بىلەن، ــ خۇدا پادىشاھى كەرەم بار، ئەتىگىچە بىرەر ئورۇن تېپىلىپ قالار.
شۇ چاغدا ئاي خىرە يورۇتۇپ تۇرغان تار كوچىنى يوغان بىر مۈشۈك كېسىپ ئۆتتى. قىتمىر ھاۋشىغىنىچە ئۇنى قوغلاپ كەتتى.
ــ توختاڭ، كەينىمىزگە يانايلى!
ــ ئېھ، بىدئەت بەندىسى، مۈشۈكتىن قورقتۇڭمۇ؟ ــ دېدى مەشرەپ ھەمراھىنىڭ ئېشكىنىڭ ساغرىسىغا تاياق بىلەن تۈرتۈپ، ــ ھەيدە! يىراقتىن كۆزىمىزگە بىر مەسچىت

نىڭ قارىسى كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— مۇشۇك ئەمەس، رىياكار موللىلاردىن، ئۇلارنىڭ دەررىلىرىدىن قورقىمەن. كەينى-دىن غوۋغا چىقىدىغان ئىشقا مەيلىم يوق. مەسچىتتە قونۇشقا كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ.

— قورقما، مەن بار. ئۇلارغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلىمەن. راستىنى ئېيتسام، كېچىسى ئۇخلاپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن مەسچىتتىن ياخشى جاي تېپىلمايدۇ. شەھەر ئاھالىسى ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق ۋە پىتنە - پاساتنىڭ كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىغا سەۋەب نېمە، بىلەمسەن؟ مەسچىتلەرنىڭ كۆپلۈكى!

— راست، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى بىردەم ئۆزىنى تۇتۇۋالغان پىرىمەست،

— بىلىسىزغۇ، مەھەللىمىزدە يۇقىرى مەسچىت ئىمامى دائىم تۆۋەن مەسچىت ئىمامىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغىنى قىلغاندى...

— ئەپسۇسكى، تاشكەنتتەك شەھرى ئەزىمدىمۇ مەسچىت كۆپ ئىكەن، ھەر مەھەللىدە ئىككىدىن! ھەي تۆۋا!

شۇ ھامان قىتمىر ھاسىرىغان پېتى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىشقا باشلىدى.

يىراقتا بارماي ئۇلار دەرۋازىسى سىرتىدىن زەنجىرلەپ قويۇلغان كونا بىر مەسچىت يېنىغا كېلىپ ئېشەكلىرىنى توختىتىشتى. مەشرەپ زەنجىرنى چۇشۇرۇپ، دەرۋازىنى كەڭ ئېچىپ ئىچكىرىگە قەدەم تاشلىدى. يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان پىرىمەست ئېشەكلىرىنى يېتىلىگەن پېتى مەسچىت ھويلىسىغا كىرىپ، ئۇلارنى بىر چەتتىكى تېرەككە باغلىدى.

يولدا ھېرىپ كېلىشكىنى ئۈچۈن مەسچىتكە كىرىپلا جايناماز تۆپىسىدە يېتىشتى. مەشرەپ بولسا بېشىنى مېھرابقا قويۇشى بىلەن خورەك تارتىشقا باشلىدى. پىرىمەست بولسا خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ ياتتى، كېيىن كۆزى ئىلىنغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى، لېكىن ھەر قىسما چۈشلەر كۆرۈپ، تاڭغا يېقىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، سىرتقا چىقسا تاڭ يورۇشقا باشلىغان ئىكەن. يىراقتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. «ھازىر بۇ مەسچىتنىڭ مەزىنىمۇ كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا نېمە دەيمىز؟» دېگەن پىكىر كۆڭلىدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى يۇ، ئالدىراپ - تېنەپ ئېشەكلىرىنىڭ ئاستىنى تازىلىدى - دە، مەسچىتكە كىرىپ مەشرەپنى ئويغاتتى.

— قوپۇڭە، ئادەم دېگەنمۇ شۇنداق قېتىپ ئۇخلامدۇ؟

— مەسچىتكە كىرىپ زاھىرى ياغدەك قېتىپ قالدىم، — دېدى مەشرەپ ئورنىدىن قوپقاچ، بۇلتۇر يازغان غەزىلىنىڭ بىر مىسراسىنى ئەسلەپ.

شۇ ھامان مەسچىت ھويلىسىدىن قورقۇش ئارىلاش غەزەپتىن تىترىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھوي، مەسچىت ئىچىدە ئۇخلاۋاتقان كىم؟ بۇ ئىت چىشلىمەمدۇ؟

— قورقماڭ، يۇۋاش ئىت، — دېدى پىرىمەست سىرتقا چىقىپ.

پەلەمپەي ئاستىدا تۈگۈلۈپ ياتقان قارا ئىت قىتمىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆك سەللىسىنىڭ ئۇچى مۈرىسىگە چۈشكەن مەللە تونلۇق، ئورۇق بوۋايغا بىر قاراپ قويدى.

— يېتىش ئۈچۈن مەسچىتتىن باشقا ئورۇن يوقمىكەن، خۇدانىڭ ئۆيىگە ئىشەك بىلەن كىرگىلى نومۇس قىلمىدىڭلارمۇ؟ ھەمراھىڭمۇ باردەك قىلىدۇ، ئۇ كىم؟

— ھەقىقەت ئىزدەپ يۈرگەن بىر شىرى مەرد ئىسمى شەرىپى بابارەھىم مەشرەپ …

— ھە! بايىلا ئېيتسالىڭ بولمامدۇ، بۇ گېپىڭنى! دىۋانە مەشرەپنىڭ نامىنى ئاڭلىمىغان كىم بار؟ خوش، ئەمدى سىز ئىشەكلىرىڭىزنى يېتىلەپ، مېنىڭ ھويلامغا ئەكىرىپ قويۇڭ. ئۆيۈم مەشەدىلا، مەسچىت يېنىدىلا … مەن ئەزان ئېيتاي.

پىرىمەست ئىشەكلىرىنى يېتىلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەزىن مېزانىگە كۆتۈرۈلدى؛ ئەزان ئېيتىپ بولۇپ، ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرگەن مەشرەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەزىم قىلدى ـ دە:

— ئىمامىمىز موللا ئەيىنىددىن مەخدۇمنىڭ مىجەزى يوق ئىدى. مەسچىتكە كېلەلمەيدۇ. سىزدىن ئىلتىماس شۇكى، بۈگۈن ئىماملىقتا ئۆتىسىڭىز ئىكەن؟ — دېدى.

— مۇشۇ كەمىنىچە قىلمىغان ئىشىم ئىمامەتچىلىك ئىدى. بوپتۇ، سۆزىڭىز يەردە قالمىسۇن، بۇ ئىشنىمۇ قىلىپ باقاي.

مەسچىت قوۋمى يىغىلىپ، بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولۇشتى ـ دە، پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سەپكە تىزىلىشتى. مېھرابتا ئولتۇرغان مەشرەپ ئورنىدىن قوپۇپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قولاق قاقتىيۇ، سۈرە پاتىھەنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا قۇرئاندىن بىر ئايەتنى زەم قىلىش ئورنىغا خوجا ھافىزنىڭ بىر غەزىلىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۇ غەزەلنى تاماملاپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە باش قويدى يۇ، كۆزىگە قەلەم قاشلىق، گۈل يۈزلۈك يار ـ جانانى كۆرۈنۈپ كېتىپ، مىدىرلاشقا ماجالى قالمىدى. ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت دەقىقە ئۆتكەچ، نامازخانلارنىڭ بەزىلىرى باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، سەجدە قىلغان پېتى مىدىرلىماي ياتقان، چاچلىرى ئۆسكىلەڭ، يالاڭئاياغ ئىمامغا، كېيىن بىر ـ بىرسىگە قاراپ، نامازلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئوقۇشقا باشلىدى ……

نامازخانلارنىڭ كۆپچىلىكى باش كۆتۈرمەي ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئارىدىن ئون ـ ئون بەش دەقىقە ئۆتكەندىن كېيىن مەشرەپ ھوشىغا كەلدى ـ دە، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئىككى يېنىغا سالام بېرىپ، ئورنىدىن قوپتى.

پەرزنى باشقىدىن ئوقۇپ بولۇپ، «ئىمام»نى كۈتۈپ ئولتۇرغان نامازخانلاردىن بىرى — سېمىز، چوقۇر بىر كىشى قاپىقىنى تۈرۈپ:

— مولليكا، بامدات نامىزىدا ئىككى رەكەت پەرز بار، سىز بىر رەكەت ئوقۇدىڭىز، ناماز بۇزۇلدىغۇ! — دېدى.

— ياق، بۇزۇلغىنى يوق، — دېدى مەشرەپ ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ، — سىز ماڭا

ئېيتىپ بېرىڭچۇ، پەرىشتىلەر ئادەم ئاتىغا بىر قېتىم سەجدە قىلغانمۇ ياكى ئىككى قېتىممۇ؟

— بىر قېتىم.

— بىزنىڭ پەرىشتىلەردىن نېمىمىز ئارتۇق؟ خۇدا ئۇلارغا بىر قېتىم سەجدە قىلىشنى بۇيرۇغان. بىزمۇ ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈردۇق.

— قۇرئاندىن ئايەت ئوقۇش ئورنىغا غەزەل ئوقۇدىڭىز ...

— كىمنىڭ غەزىلىنى؟ لىسانۇلغەيىب خوجا ھافىزنىڭ، يولدىن ئاداشقان ئادەملەرگە نۇرى ھەقىقەتنى كۆرسەتكەن ئۇلۇغ شائىرنىڭ غەزەللىرىنى ئوقۇدۇم. ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى روشەن بولدى.

— راست، — دەپ تەستىقلاشتى مەشرەپ بىلەن بىللە ئۈيقۇغا كەتكەن نامازخانلار. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى كۈلۈمسىرەپ، كۆزلىرى چاقنايتتى.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن بۇخارادا: «مەشرەپكە ئىقتىدا قىلىدىغانلارنىڭ نامازلىرى خۇدا دەرگاھىدا قوبۇل بوپتۇ» دېگەن سۆزلەر تارقالدى، دىۋانە قىياپىتىدىكى شائىرنىڭ بۇخارادا ئىخلاسمەنلىرى كۆپىيىپ، كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرىدىغان، ئۇنىڭدىن دۇئا تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى ...

— بىر ئىش قىلىپ بۇخارا ئەھلىنىڭ ئىخلاسىنى قايتۇرمىسام بولمايدۇ. — دېدى بىر كۈنى مەشرەپ شادۇلەتكە.

— قانداق قىلىپ؟

مەشرەپ جاۋاب ئورنىغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئېھتىيات قىلايلى، بۇ يەر تاشكەنت ياكى ئەنجان ئەمەس.

— قورقما، بۇ يەردە پىشاپ قىلىۋەتمەيمەن ...

ئەتىسى مەشرەپ ھەر كۈنكىدىن ۋاقچىرەك قوپۇپ، يېنىدا خورەك تارتىپ ياتقان پىردەستنى ئويغاتتى.

— شۇنداقمۇ قاتتىق ئۇخلىغان بارمۇ؟ ئورنۇڭدىن قوپ. ئاڭلىمايۋاتامسەن، كارۋان سارايى ئەھلى ئويغىنىپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ باشلاندى. ئازراق تاماقلىنىۋالايلى - دە، يولغا چىقايلى.

پىرىمەست بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى - دە، ئەتراپىنى قورۇق باسقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى.

— نەگە بارىمىز، ئۇستاز؟

— ئېشەكلىرىمىزنىڭ بېشىنى بوش قويۇۋېتىمىز. قاياققا ماڭسا، شۇ ياققا كېتىۋېرىمىز.

ئۇلار ناشتىدىن كېيىن، تۆۋەنگە چۈشتى. ئېشەكلىرىنى توقۇپ، كوچىغا چىقتى ۋە كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ، قارشى دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

جۈمە كۈنى. ئالا چاپان كىيگەن، كۆك سەللە ئورىغان دېھقانلار، قوي يېتىلىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uighurkitap.com

شەھەرلىكلەر، دەردىگە داۋا ئىزدەپ يۇرگەن ئاغرىق ئادەملەر، ئىشى ئاقمىغان سودىگەرلەر ۋە باشقىلار كوچىنى چىگىتىپ، ئىشەكلىك، ئاتلىق قىستا - قىستاڭ بولۇشۇپ، بەھاۋىددىن يېزىسى ياققا مېڭىشماقتا. ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، قىرىق ياماق چاپان كىيگەن يالاڭ ئاياغلار، ئەمگەكتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدىغان تېكە سالتاڭ بەڭگىلەر ئۇلارغا ئەگە-شىپ بېرىشاتتى.

دەرۋازىدىن چىقىپ يولغا چۈشۈۋالغاندىن كېيىن مەشرەپ ئىشىكىگە تەتۈر مىنىۋالدى. جىرەن ئات مىنگەن بىر مۇتەئەسسىپ موللا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ:

— ھەي دىۋانە، ئىشەككە تەتۈر مىنىۋاپسەنغۇ، بۇ قانداق قىزىقچىلىق؟! — دېدى ئاچچىق بىلەن.

— موللىكا، خوجامنى بەك ھۆرمەتلەيدىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا كەينىمنى قىلىپ مېڭىشنى ئۆزۈمگە لايىق كۆرمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى مەشرەپ.

— مەن ئەخمەق بولمىسام دىۋانىگە گەپ ئاچامتىم! — دەپ غودۇڭشىدى موللا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ.

ئىككى سائەتچە يول ماڭغاندىن كېيىن يىراقتىن خوجا بەھاۋىددىن مەقبەرىسىنىڭ گۈل-لۈك پەشتىقى كۆرۈندى. بەزى زىيارەتچىلەر ئاتتىن چۈشۈپ، ئات، ئىشەكلىرىنى يېتىلىۋې-لىشتى. مەشرەپ بىلەن ھەمراھى بىپەرۋالىق بىلەن ئىشەكلىرىنى ھەيدەپ، مەقبەرە ئۇدۇلى-دىكى كارۋان سارايغا داخىل بولدى.

ئاتلارنىڭ كىشنىشى، ئىشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى، نەزىر - نىيازغا ئېلىپ كېلىنگەن قويلارنىڭ مەرىشى پەشتاق ئالدىدىكى قەلەندەرلەرنىڭ نالىشىغا قوشۇلۇپ، قۇلاقلارنى يېرىۋې-تەتتى.

شادۆلەت ئىشەكلىرىنى قوزۇققا باغلاپ ھەمراھىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇلار مازارنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، بەھاۋىددىنىنىڭ قەبرىسىگە سېغىنىۋاتقان، قەبرىنى سىلاپ، قوللىرىنى يۈزلىرىگە سۈرتۈۋاتقان زىيارەتچىلەرنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى. «مەقبەرىگە سېغىنىۋاتقانلار ناداد-لار، بۇ بۇدپەرەسلىكنىڭ ئۆزىغۇ!» دەپ ئويلىدى مەشرەپ ۋە بىر سەكرەپ مەقبەرىگە مىنىۋالدى - دە، ساتارىنى چېلىپ، بەھاۋىددىنىنىڭ بىر شېئىرىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن كۈيلەشكە باشلىدى:

*مۇخلىسانىم، ئامەدە دەر كوي تو ...*

*(بىز يوقسۇللار كۆرگىنى كەلدۇق سىنى ...)*

زىيارەتچىلەر بۇدرە چاچلىرى ئۆسۈپ مۈرىسىگە چۈشكەن شىرى مەردنى كۆرۈپ، تۇرغان يېرىدە قېتىپ قېلىشتى. ھەممىدىن ئاۋۋال بىلىگە بىرنەچچە پوتا باغلىغان، ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈك كىيگەن قىمارۋاز ھوشىغا كېلىپ:

— ھەي دىۋانە، ھازىر چۈش مەقبەرىدىن، بۇ نىمە ئەخمەقلىق! — دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، زىيارەتچىلەرنىڭ تۇتۇلغان تىللىرى زۇۋانغا كەلدى. ئۇلار چۇقان

سېلىپ، مەشرەپتىن مەقبەرىدىن يەرگە چۈشۈشنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى.

— ئارىمىزدا بىر مەردى خۇدا يوقمىكىن، ئۇنى مۈرىسىدىن تارتىپ چۈشۈرسە؟ — دېدى ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن خام سېمىز بىر مويسىپىت.

— مەن ھازىر باپلايمەن، موللىكا، بۇ بەچچىغەرنى، — دېدى بايىقى قىمارۋاز يېڭىنى شىمايلاپ.

— توختا! — دەپ خىتاب قىلدى مەشرەپ، — دۇئايىبەد قىلىمەن!

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، قىمارۋاز تۇرغان ئورنىدا قېتىپ قالدى.

گاڭگىراپ تۇرغان شادۆلەت بىردىن نەپەس ئېلىپ:

— دىۋانە مەشرەپكە دەخلى قىلماڭلار، بىر كوف - سۇف دېسە، پۇتۇڭلار پالەچ، كۆزۈڭلار قارىغۇ بولۇپ قالغاي! — دېدى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن. پاكار بويلۇق يۈز - كۆزىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن، ئەمما خېلىلا ياش كۆرۈنىدىغان پىرىمەستىنىڭ ئاۋازى زىيارەتچىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى.

ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن مويسىپىت مەشرەپكە يېقىن كېلىپ، تىترىگەن ئاۋاز بىلەن:

— بالام، بولدى ئەمدى، پىرى بۇزرۇكۋارىمىزنى تېگى پاي قىلماڭ، مەقبەرىدىن چۈشۈڭ! — دېدى.

ئۇنىڭ كەينىدىكى زىيارەتچىلەرمۇ بوۋاينىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، مەشرەپكە يېلىنىشقا باشلىدى. بىر خوتۇن پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەشرەپ سول قولىدىكى ساتارىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا سەكرەپ يەرگە چۈشتى - دە، مۇدۇرۇلۇپ كېتىپ، مويسىپىتنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇۋالدى.

بوۋاي مۈرىسىنى مىدىرلىتىپ، ئۇنىڭ قولىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولدى:

— خوجا بەھاۋىددىن سىزنى ئىتتىرىۋەتتى. باشقا ئادەم بولسا ئۇرۇپ پارچىلاپ تاشلايت - تى، — دېدى.

مەشرەپنىڭ تاسادىپىي مۇدۇرۇلۇپ كېتىشى ئۇنىڭ جېنىغا ئارا تۇرغانىدى. مۇتەئەسسىپ ئادەملەرمۇ، شۇ يېنىك جازانىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا كۇپايە، دېگەن پىكىرگە كېلىپ، غەزەپ ئېتىدىن چۈشتى.

مەشرەپ ھەمراھى بىلەن كارۋان سارايىغا كىرگەندە، تۆۋرۈككە باغلاپ قويۇلغان قىتمىر نارازى بولغاندەك ئۇنى غىڭشىپ قارشى ئالدى. شادۆلەت ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ھەمراھىغا قارىدى - دە:

— خالايىق جۈمە نامىزىغا كىرىپ كەتكەندە مېڭىپ كېتىمىز، بۇ گەپ ئەمىر قۇلىقىغا يەتسە، بىزنى ئامان قويماس، — دېدى.

— راست ئېيتتىڭ، ئاجايىپ ئەقلىڭ بار، — دېدى مەشرەپ سادىق دوستىنىڭ قارىراق چىرايىغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# رىۋايەتلەر

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۆيدىن سايىت

## لوقمان ھەكىمنىڭ گەزرائىلنى قوغلىشى

ئۆز زامانىسىدا تىبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن جاھانغا مەشھۇر بولغان لوقمان ھەكىم ئالەمدىكى جىمى گۈل ــ گىياھ، دەل ــ دەرەخلەرنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. ئۇ ئۇچراتقان ھەربىر گىياھ، ئۆسۈملۈكلەر ئۇنى كۆرگەن ھامان ئېگىلىپ، يەلپۈنۈپ سالام بېرىدىكەن. لوقمان ھەكىمنىڭ ھەربىر سۆز، سوئاللىرىغا تولۇقى بىلەن بىر ــ بىرلەپ جاۋاب بەرگەندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ ھەرقانداق تاپشۇرمىسىنى ئورۇنداشقىمۇ تەييار ئىكەن.

بىر كۈنى لوقمان ھەكىم يۇرتىنىڭ يېزا ــ سەھرالىرىنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ سەھرا ئارىلاپ ھەر خىل ئوتياشلار بىلەن ئۆزۈن ــ قىسقا پاراڭلىشىپ كېلىۋېتىپ، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر ۋەيرانە ئۆيگە كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئۆينىڭ ئالدىدا ئاتمىش ياشلاردىن ئاشقان، چاچلىرى ئاقىرىپ، كۆزلىرى تورلاشقان بىر ئايال بىر كىچىك ئوغۇل بالىنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرغۇدەك. لوقمان ھەكىم ئۆز كۆڭلىدە: بۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇزماي كېتىۋېرەي، دەپ ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇ خىيال بىلەن بولۇپ بىر نەچچە ئون قەدەم ماڭا ــ ماڭمايلا بۇرنىغا ئاجايىپ بىر ئۆتكۈر خۇش پۇراقنىڭ گۈپپىدە ئۇرۇلغانلىقىنى سېزىپتۇ ــ دە، ھەيران بولۇپ ئەتراپنى سىنچىلاپ كۆزىتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ پۇراق ھېلىقى موماينىڭ پىيازلىقىدىن كېلىۋېتىپتۇ، پىيازلىقتا كۆكۈچ ئۆششاق يوپۇرماقلىق، ئاق چېچەكلىك، غولى ئىنچىكە، بويى پاكار، ئۇچىدا تىرىقتىن چوڭ يۇمىلاق مېۋىسى بار بىر خىل ئوت ــ گىياھ ئىكەن. لوقمان ھەكىم شۇ ئۆمرىگىچە بۇ خىل گىياھنى ئۇچرىتىپ باقمىغاچقا ھەيران قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرمەكچى بوپتۇ.

ــ ھەي خەس، ئۆزۈڭ شۇنچە ئاجىز، يۇمران ئىكەنسەنۇ، پۇرىقىڭ نېمانچە ئۆتكۈر، سەن گىياھلارنىڭ قايسى خىلىدىن بولىسەن، ئىسمى ــ نامىڭ نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ لوقمان ھەكىم ھېلىقى گىياھدىن. ھېلىقى گىياھ زۇۋانغا كىرىپ:

ــ ئۆزۈم ئاق گۈللۈك، سامان غوللۇقلار جەمەتىدىن بولۇپ، ئىسمىم يۇمغاقسۇتتۇر، ماكانىم پىيازلىقنىڭ قىرى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ــ دەپ باقە، سېنىڭ ئىنسانلارغا قانداق پايدىلىق خۇسۇسىيەتلىرىڭ بار؟ ــ دەپ سوراپتۇ لوقمان ھەكىم.

ــ مېنىڭ ھۆل ۋاقتىمدىكى تەبىئىتىم ھۆل سوغۇق بولۇپ، خۇش پۇراق چىقىرالايمەن. ئەگەر بىرەر ئادەمنىڭ ئىسسىقتىن قورسىقى ئاغرىپ، ئىچى سۈرۈپ قالغان بولسا، مېنىڭ يوپۇرماقلىرىمنى ھاۋانچىدا ئېزىپ ــ يەنچىپ، سۈيىمنى چىقىرىپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، شىپا بولىمەن. پىشقان ۋاقتىمدا يۇمىلاق مېۋەمنى ــ ئۇنى دانەكچە دەپ ئاتايدۇ. سوقۇپ تومۇزدا ئىسسىق ئۆتۈش سەۋەبىدىن قورسىقى ئاغرىغان كىشىگە ئىچۈرسە، ئۇنىڭغىمۇ

شىپا بولمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مېنى بىلگەن خېلى نۇرغۇن كىشىلەر مېنى سۇيۇقئاشلىرىغا قوشۇپ ئىچىش ئارقىلىق ئۆز زۇكاملىرىنى ساقايتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يۇمغاقسۈت.

يۇمغاقسۈتنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان لوقمان ھەكىم بۇ جاۋابتىن قانائەت تېپىپتۇ ھەم شۇئانلا ئۆيىگە قايتىپ، يۇمغاقسۈت ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇبىر يېزىپ خاتىرە قالدۇرۇپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. لوقمان ھەكىم ئۆيىگە داۋالانغىلى كەلگەن بىر قانچە ئون ئادەمنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ، دورا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسسىقتىن قورسىقى ئاغرىغان بىرقانچە ئادەمگە يۇمغاقسۈتنى بۇيرۇپ، قانچىلىك مىقداردا ئىچىشكىچە تەپسىلىي دەپ بېرىپتۇ ھەم ئۇ بىمارلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پات - پات بېرىپ كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ، دېگەندەك بىرنەچچە كۈندىلا ئۇلار ساقىيىپ كېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە لوقمان ھەكىمنىڭ دەرۋازىسى ئەنسىز ئېچىلىپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئۆڭسۈلى ئۆچكەن بىر ئايال ئاللا - توۋا توۋلاپ يىغلىغىنىچە كېلىپلا لوقمان ھەكىمنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ھۆرمەتلىك لوقمان تېۋىپ، دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى. بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى قورسىقى ئاغرىپ، ئىچى سۈرۈپ توختىمايۋاتىدۇ. ئاغرىقتا چىدىماي بىھوش بولۇپ قالدى، شۇڭا مېنىڭ شۇ بالامنى داۋالاپ قويامدىكىن، دەپ ئالدىلىرىغا كەلدىم، — دەپ يالۋۇرۇپ يىغلاپتۇ.

لوقمان ھەكىم قاراپلا بۇ ئايالنىڭ ئۆزى يېزا - سەھرا ئايلىنىپ يۈرگەندە كۆرگەن بالىسىنى ئويىنىتىپ ئولتۇرغان ھېلىقى ئايال ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ.

— قېنى، ئېيتىپ باقسىلا، بالىلىرىنىڭ ئىچى قانداق سۈرىدۇ، رەڭگى قانداق؟ — دەپ لوقمان ھەكىم ھېلىقى ئايالدىن سوراپتۇ.

— بالامنىڭ ئىچى سۇدەك سۇيۇق سۈرىدۇ، رەڭگى توخۇم سېرىقىدەك سېرىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايال.

— بالىلىرىغا ئىسسىق ئۆتۈپتۇ، شۇڭا قورسىقى ئىسسىقتىن ئاغرىپتۇ، تەرىتىنىڭ سېرىق كېلىشى شۇنىڭ ئالامىتىدىندۇر. سىلى ھازىرلا ئۆيلىرىگە بېرىپ پىيازلىقلىرىغا ئۆزلىرى تېرىغان خۇش پۇراقلىق، يۇمغاقسۈت دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئوتياش بار. شۇنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرىدىن ئېلىپ پاكىز يۇيۇپ، ھاۋانچىدا ئېزىپ، سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، بىر قوشۇقلا ئىچكۈزۈپ قويسىلا، بالىلىرىنىڭ قورسىقى بىر - ئىككى كۈندىلا ياخشى بولۇپ قالىدۇ، — دەپ لوقمان ھەكىم ئايالغا يول كۆرسىتىپتۇ، ئىچىدە يەنە، ھەي، ئۆزى تېرىغان نەرسىسىنىڭ نېمىگە پايدىسى بارلىقىنىمۇ بىلمىگەن ...! ، دەپ ئويلاپتۇ.

لوقمان ھەكىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئايال رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ دەرۋازىدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئايال بارغىنىچە يۇمغاقسۈتنىڭ ھەممىسىنى يۇلۇپتۇ - دە، ھەممىنى بىر تەڭلىگە سېلىپ يوغان تاش بىلەن يەنچىشكە باشلاپتۇ. بىر مەھەلدىن كېيىن يۇمغاقسۈتنىڭ شاخ، يوپۇرماقلىرى ئېزىلىپ - يۇمشاپ خېمىردەك بوپتۇ. ئايال يەنچىلگەن يۇمغاقسۈتنى ياغلىقىغا ئېلىپ بىر چىنىگە سىقىشقا باشلاپتۇ. سىقا - سىقا چىنە يۇمغاقسۈت-

نىڭ سۈيى بىلەن تولۇپتۇ. بۇنى ئاندىن ئوغلىغا ئىچۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ رەڭگى ئوسما سۈيىدەك يايپېشىل تۇرغاچقا، ئىچكۈسى كەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە ئۇ بەك قىرتاق ئاچچىق ئىكەن. بالا بىر يۇتۇم ئىچىپلا زادى ئىچكىلى ئۇنىماپتۇ. ئايال لوقمان ھەكىمنىڭ بىر قوشۇق ئىچۈرۈڭ دېگىنىنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ ياكى كۆپرەك ئىچسە تېزراق ساقىيىدۇ، دەپ ئويلىدىمۇ، قانداق، بالىنى ئىچىشكە زورلاۋېرىپتۇ. بالا ئىچمەيمەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئايالنىڭ ئاچچىقى تۇتۇپ، بالىنى بېسىۋېلىپ ئاغزىغا قۇيۇپتۇ، قۇيۇپتۇ، بىر چىنە يۇمغاقسۇتنىڭ سۈيىنى بالىنىڭ ئاغزىغا قۇيۇپ بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەددىدىن زىيادە ئىچۈرۈلگەن يۇمغاقسۇت سۈيى بالىنى زەھەرلەپ، ئۈتىنى يېرىپ، پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ھېلىقى ئايال ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك بولۇپ ياقىلىرىنى يىرتىپ، ئاھ بالام! دەپ يىغلاپ جاھاننى بېشىغا كىيىپتۇ. ئۇ ئايال ئۆز كۆڭلىدە ئوغلۇمنى لوقمان ئۆلتۈرۈپ قويدى، ئۆلۈشكە شۇ سەۋەبچى، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئېگىز - پەس يوللاردا يىقىلىپ - قوپۇپ، لوقمان ھەكىمنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ بېرىپتۇ. لوقمان ھەكىم بۇ چاغدا بىمارلارنى داۋالاۋاتقان ئىكەن. ئۇلار بۇ ئايالنىڭ ئاللا - كاللا دەپ توۋلاپ قىيا - چىيا قىلىشلىرىدىن ھەيران بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشىپتۇ، لوقمان ھەكىملا قاپتۇ. ھېلىقى ئايال ئېتىلىپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ.

— ھەي لوقمان، سەن مېنىڭ ئوغلۇمغا دورا بۇيرۇدۇم دەپ زەھەر بۇيرۇپسەن، مەن سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ھېلىقىنىڭ سۈيىنى ئىچۈرسەم، بالام شۇئانلا ئۆلۈپ قالدى. سەن ئەمدى مېنىڭ بالامنى تىرىلدۈرۈپ بەر، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ھېلىقى ئايال.

تۇيۇقسىز بۇ زەربىگە يولۇققان لوقمان ھەكىم رەنجىگەن بولسىمۇ بىلىندۈرمەپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قاتتىق تەڭلىك ئىچىدە قاپتۇ. ئايالدىن مۇلايىملىق بىلەن:

— يەڭگە، ياقامنى قويۇپ بەرسىلە، مەن ئالدى بىلەن ئەھۋالنى تولۇق بىلەي، قېنى دەپ باقسىلا، سىلى ئۇنى قانداق، قانچىلىك ئىچۈردىلە؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئايال پۈتۈن جەرياننى ھەم قانچىلىك ئىچۈرگەنلىكىنى ئېلىپ قالماي ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئايالنىڭ دېگىنىنى ئاڭلاپ لوقمان ھەكىم چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— مەن سىلىگە بىر قوشۇقلا ئىچۈرسىلە، دېگەن ئەمەسمىدىم، سىلى بالىلىرىغا دورا ئەمەس زەھەر ئىچۈرۈپلا زەھەر! — دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ لوقمان ھەكىم.

— ھەي لوقمان، سەن نېمە دېسەڭ دە، مەن سەن بۇيرۇغان نەرسىنى ئىچۈردۈم، سەن زادى بالامنى تىرىلدۈرۈپ بېرەمسەن يوق؟! — دەپ ھېلىقى ئايال لوقمان ھەكىمنىڭ ياقىسىنى باشقىدىن قامالاپتۇ. لوقمان ھەكىمنىڭ كۆڭلىگە بىر پىكىر كەپتۇ - دە:

— يەڭگە، مېنى قويۇپ بەرسىلە، مەن سىلىنىڭ بالىلىرىنى تىرىلدۈرۈپ بېرەي، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايال لوقمان ھەكىمنىڭ كانىيىدىن قولىنى بوشىتىپتۇ.

لوقمان ھەكىم بۇ ئىشنىڭ بىر ئامالىنى قىلمىسا بۇ ئايالدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ، شۇڭا دەرھاللا ئاتلىنىپ ئەزرائىلنى قوغلاپ ماڭماقچى بوپتۇ. ھېلىقى ئايالنى ھازىرلا ئۆيىگە قايتىپ بالىسىنىڭ جەسىتىگە قاراپ تۇرۇشنى، باشقا بىمارلارنىڭ قايتىپ كېتىشىنى تاپىلاپ قويۇپ، بىر موللاق ئېتىپلا ئەزرائىلنى قوغلاپ ئاسمانغا يول

ئاپتۇ.

لوقمان ھەكىم موللاقلاپ شۇ ئۇچقىنىچە بىرىنچى ئاسمانغا چىقىپتۇ. بۇ يەردە كۆزەتتە تۇرغان مالائىك ـ پەرىشتىلەر لوقمان ھەكىمنى توسۇۋاپتۇ. لېكىن لوقمان ئۇلارغا پىسەنت قىلماي بىر موللاق ئېتىپ ئۇچقانچە ئىككىنچى ئاسمانغا يېتىپتۇ. ئۇ شۇ تەرىقىدە ئۈچۈپ بەشىنچى ئاسمانغىچە چىقىپتۇ. ئالتىنچى ئاسمانغا ئاز قالغاندا مالائىك ـ پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئالدىنى چىڭ توسۇۋاپتۇ. لوقمان بۇلارغىمۇ بوي بەرمەي ئۆتۈپ كېتىشكە زورۇققان ئىكەن، پەرىشتە ـ مالائىكىلەرنىڭ غەزىپى قوزغىلىپ ھەر تەرەپتىن كېلىپ قىستاپ لوقماننى مىدىر ـ سىدىر قىلدۇرماپتۇ. بۇلارنىڭ قولىدىن زورلۇق قىلىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن لوقمان ھەكىم ئۇستىلىق قىلماقچى بوپتۇ ـ دە:

— ئى، ئاللاھنىڭ سادىق قۇللىرى، مەن ئاللاتائالانىڭ ئىجازىتىسىز بەش ئاسماندىن ئېشىپ بۇ يەرگە كەپتىمەن، سىلەر مېنىڭ بۇ يەردىن ھالقىپ ئۆتۈشۈمگە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىڭلار، راست، مەن گۇناھلىق ئىش قىلدىم، مېنى قويۇپ بېرىڭلار قايتىپ كېتەي، — دەپتۇ.

پەرىشتە ـ مالائىكىلەر لوقمانغا ئىشىنىپ، ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ. لوقمان ھەكىم ئۇلارنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ بىر موللاق ئېتىپلا توساقتىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ ۋە ئاۋۋالقىدىن ئون ھەسسە تېزلىكتە ئۈچۈپ يەتتىنچى ئاسمانغا ئاز قالغاندا مۇئەللەق ئولتۇرىسىدا ئەزرائىلغا يېتىشىۋاپتۇ. ئەزرائىل لوقماننى كۆرۈپ:

— ئىبارا ـ خۇدايا، بۇ قانداق گەپ؟! ئالتىنچى ئاسماندا ھېچقانداق جانلىق ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز ئۆتەلمەيتتى، بۇ بەندە قانداق ئۆتكەندۇ!؟ — دەپ ھەيران قاپتۇ.

لوقمان ھەكىم ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئى ئاللاھنىڭ سادىق ئەلچىسى، مەن ساڭا يېتىشكۈچە نۇرغۇن جاپا چەكتىم، مانا ساڭىمۇ يېتىشىۋالدىم، ھازىر جېنىم قىلدىن ئىنچىكە بىر تومۇردىلا قالدى. بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇشۇڭنى تىلەيمەن، — دەپ ئۆتۈنۈش قىپتۇ.

— سەن نېمە دەپ مېنىڭ ئارقامدىن چىقتىڭ؟ سېنىڭ بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن سېنى قاتتىق جازالىشىم كېرەك! — دەپتۇ ئەزرائىل.

— ئى ئاللاھنىڭ سادىق ئەلچىسى، تەخىر قىلغىن، مېنىڭ سەندىن سورايدىغان ئىككى تۈرلۈك ئىشىم بار ئىدى. مەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا كەينىڭدىن قوغلىشىپ چىقتىم. ئەگەر ماڭا شەپقەت قىلىپ ئاللاھنىڭ ھەققىدە سورىغىنىمغا جاۋاب بەرسەڭ بەكمۇ مىننەتدار بولاتتىم، — دەپتۇ لوقمان ھەكىم.

ئەزرائىل لوقماننىڭ ئاللاھنى شىپى كەلتۈرۈپ ئېيتقان مۇراجىئەتكە قوشۇلۇپ، — قېنى، سورىماقچى بولغىنىڭ نېمە ئىش ئىدى؟ — دەپتۇ ئەزرائىل. لوقمان ھەكىم:

— مېنىڭ سورىماقچى بولغىنىمنىڭ بىرىنچىسى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى قانداق ئۆلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى ئوخشاش بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئاددىي مەسىلە، قېنى سەن ئۆزۈڭ بۇ توغرۇلۇق ئويلىغانلىرىڭنى دەپ باق، — دەپتۇ ئەزرائىل. لوقمان ھەكىم:

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭچە، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى جان ئۈزگەندىن كېيىن ئەھۋالى ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن ئۆلۈشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ دەپ قارايمەن، — دەپتۇ. ئەزرائىل لوقمان ھەكىمنىڭ كېپىگە قارىتا مۇنداق دەپتۇ:

— ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ھايات چېغىدا قانداق ئىش - ئەمەلدە بولغان بولسا، ئۆلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى شۇ ئىش - ئەمەلگە يارىشا بولىدۇ. ساۋابلىق، خەير - ئېھسانلىق ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ساۋابىنى كۆرىدۇ؛ ئەكسىچە بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. سېنىڭ بىر كېپىڭ ئورۇنلۇق، قېنى، بەندىلەرنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇنقى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىنى تەپسىلىيرەك ئېيتىپ باقە.

— بەزى ئادەملەر ئاغرىماي ئۆلىدىكەن، بەزىلىرى بىر نەچچە يىل، ھەتتا ئون نەچچە يىل كېسەل تارتىپ ئۆلىدىكەن؛ بەزىلىرى بولسا ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، ناخشا ئېيتىۋېتىپ ئۆلىدىكەن؛ يەنە بەزىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، بەزىلىرى باشقا ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟ — دەپتۇ لوقمان ھەكىم. ئەزرائىل:

— ئېيتقانلىرىڭ ھەق راست. مەن ئاللاھنىڭ ئىنسانلاردىن جان ئامانىتىنى ئالغۇچى ئەلچىسىمەن. خۇددى سەن ئېيتقاندەك، بەزى ئادەملەرنى بىر نەچچە يىل ئاغرىق - سىلاقتا قويۇپ جېنىنى ئالىمەن، بەزىلىرىنى بولسا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ياكى ناخشا ئېيتىۋاتقان چاغلىرىدا جېنىدىن ئايرىيمەن، بەزىلىرىنى بولسا ئۇخلىتىپ قويۇپ جېنىنى ئالىمەن. مانا بۇلار ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، مېنىڭ جان ئېلىشىمنىڭمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز ساڭا دەپ بېرەلمەيمەن، — دەپتۇ.

لوقمان ھەكىم بىرىنچى سوئالىغا تولۇق جاۋاب ئالالمايدىغانلىقىنى پەملەپ، ئىككىنچى سوئالنى سوراشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ:

— ئى ئاللاھنىڭ جان ئالغۇچى سادىق ئەلچىسى، مەن بولسام ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق ئىزدىگۈچى تېۋىپ، بىر نەچچە يۈز يىللىق ھاياتىمدا شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ كېسىلىنى تاپتىم. ئۇلار كېسەل ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ھايات قېلىشتى. مۇشۇ جەرياندا تۈرلۈك ئىشلارنى، سانسىز مۆجىزىلەرنى كۆردۈم، ئەمما ئادەمنىڭ جېنى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بىر كۆرۈۋالغان بولسام، ئۇلارنىڭ جېنىغا ئازراق بولسىمۇ ئارا تۇرۇشۇمغا پايدىسى بولامدىكىن دەپ ئويلايمەن. شۇڭا سەن ماڭا ئادەمنىڭ جېنىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويغان بولساڭ، — دەپ ئەزرائىلنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ مىڭ يەردىن ياش تۆكۈپ يىغلاپ يېلىنىپتۇ. ئەزرائىل جىددىي تۇستە:

— ھەي لوقمان، مەن بۈگۈن شۇنچە ئالدىراش ئىدىم. سەن نەدىكى بىر ئىشلار بىلەن ئالدىمنى توسۇۋېلىپ ۋاقتىمنى ئالدىڭ. مەن بۇرادەرچىلىكنىڭ يۈزىنى قىلىپ سورىغىنىڭغا جاۋاب بەردىم، ئەمدى تېخىمۇ ھەددىڭدىن ئېشىپ ئادەمنىڭ جېنىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىسەن. سەن دېگەن بۇ نەرسە ئاللاھنىڭ مەخپىيەتلىكى، شۇڭا بۇ تەلىپىڭنى قاندۇرالمايمەن، — دەپتۇ.

لوقمان ھەكىم بوش كەلمەپتۇ، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئەزرائىلنى

ماڭغىلى قويماي يالۋۇرۇپتۇ. ئەزرائىل ئاخىرى ئىلاجسىز ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئادەم جېنىنى لوقمان ھەكىمگە كۆرسىتىشكە ماقۇل بوپتۇ، لېكىن شەرت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى لوقمان، مېنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قويدۇڭ. ئەگەر ئاللاھدىن بۇيرۇق بولغان بولسا، مۇشۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن ئاللىقاچان جېنىڭنى ئالغان بولاتتىم، سېنىڭ ساۋابلىق يولىدىكى كۆز يېشىڭ مېنى تەسىرلەندۈردى، لېكىن شەرت شۇكى، بىرىنچى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز مېنىڭ يولۇمنى توسمايسەن؛ ئىككىنچى، ئادەم جېنىنى كۆرگەنلىكىڭ ھەققىدىكى سىرنى ھېچبىر ئىنسانغا تىنمايسەن، — دەپتۇ. لوقمان ھەكىم ئەزرائىلنىڭ ئادەم جېنىنى كۆرسىتىشكە ماقۇل بولغىنىدىن خۇشال بوپتۇ.

ئەزرائىل رەڭگى ئۆڭگەن ھالدا قوينىدىن بىر شىشە قۇتىنى چىقىرىپ ئاغزىنى ئېچىپ ئالىقىنىغا دۈم قىلغانىكەن، قولىغا قىرىق بىر دانە تېرىنچىلىك بىر نەرسىلەر تۆكۈلۈپتۇ.

ئەزرائىل لوقمانغا قاراپ:

— كۆرۈۋال، مانا مۇشۇ ئادەمنىڭ جېنى بولىدۇ. بۈگۈن ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن زېمىنغا چۈشۈپ قىرىق بىر ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ چىقتىم، بۇلارنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن، — دەپتۇ.

لوقمان ھەكىم ئادەملەرنىڭ بۇ جېنىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئەزرائىلنىڭ يېنىغا يېقىن بېرىپتۇ - دە، ئەزرائىل دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئادەم جېنى تۆكۈلگەن قولغا بىر شاپىلاق ئۇرغان ئىكەن، ھېلىقى قىرىق بىر تېرىنچىلىق جان زېمىنغا چېچىلىپ كېتىپتۇ، بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلگەن ئەزرائىل لوقمان ھەكىمنىڭ ئەدىبىنى بەرمەكچى بولۇپ لوقمانغا قارىغۇدەك بولسا، لوقمان ئاللىقاچان كۆز ئالدىدىن غايىب بوپتۇ.

غەزىپى تېشىپ يېرىلاي دەپ قالغان ئەزرائىل بىر موللاق بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئاللاھ ئەزرائىلنىڭ نېمە دېيىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەزرائىلنىڭ گەپ قىلىشىغا ئىجازەت قىپتۇ. ئەزرائىل لوقمان ھەكىم بىلەن بولغان ئارىدىكى ئىشلارنى ئېلىپ قالماي - قوشماي تولۇقى بىلەن ئەينەن بايان قىلىپ بولۇپ:

— ئى ئاللاھ، مەن بۈگۈن سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولدۇم، مەن سېنىڭ ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە تەڭدىشىڭ يوقلۇقىڭغا، جىمى مەخلۇقاتتىن غالىبلىقىڭغا شەكسىز ئىشىنىپ تۇرۇپتىمەن، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن، — دەپتۇ.

— ئى مېنىڭ سادىق ئەلچىم، بۈگۈن سەن يولۇققان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋىرىم بار. سەن بۈگۈن شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپ، لوقماننىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولدۇڭ، لوقمان بىر بەندىنىڭ تەڭلىك سېلىشىغا چىداپ تۇرالماي، ئۇمۇ شەيتاننىڭ دېيىشىگە كىرىپ، مېنىڭ ئىرادەمگە خىلاپ ئىش - ئەمەلدە بولدى. سەن مېنىڭ ئالدىمدا راست سۆزلىگەنلىكىڭ ئۈچۈن گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلدىم. ئاچچىقىڭغا ھاي بەر، سەۋرلىك بول. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ باشايى بەندەم لوقماننىڭ جېنىنىمۇ سەن ئالىسەن، — دەپتۇ ئاللاھ.

لوقمان ھەكىم ئەزرائىلنى قايمۇقتۇرۇپ ئۆز مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، بىر موللاق ئېتىپ غايىب بوپتۇ - دە، چاقماق تېزلىكىدە زېمىنغا قايتىپ چۈشۈپتۇ. شۇ كۈنى ئەزرائىلغا

جان تاپشۇرۇپ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمغان قىرىق بىر ئادەم قايتىدىن تىرىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ. لوقمان ھەكىم ئاسماندىن يەرگە چۈشكەن بويى ئۆز ئۆيىگىمۇ بارماستىن ئۇدۇل ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئايالنىڭ ئۆلگەن ئوغلى تىرىلىپ ئىشىك ئالدىدا ئويناپ يۈرگۈدەك. ئايال بولسا بالىسىنىڭ تىرىلىپ قالغىنىدىن جېنى سۆيۈنۈپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ. لوقمان ھەكىم بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ھېلىقى خوتۇننىڭ پىيازلىقىغا كىرىپ ھېلىقى يۇمغاقسۈتنى ئىزدەپتۇ، لېكىن شۇنچە ئىزدەپمۇ بىرەر تۈپ يۇمغاقسۈتنى ئۇچرىتالماپتۇ. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە «مېنىڭ كۆززۇمگە كۆرۈنمىگىنىڭ ياخشى بولدى» دەپ ئىككى قەدەم ئېلىشىغا، «ۋايجان!» دېگەن بىر نالىنى ئاڭلاپ، پۇتىغا قارىسا، بىر تۈپ يۇمغاقسۈت پۇتىنىڭ ئاستىدا يەنچىلىپ تىپىرلاپ ياتقۇدەك. ئەسلىدە بۇ بىر تۈپ يۇمغاقسۈت ھېلىقى ئايالنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ ئوت - چۆپلەرنىڭ دالدىسىغا مۆكۈۋالغان-كەن، لوقمان ھەكىم يۇمغاقسۈتنى كۆرۈپ:

— ئەي لەنىتى ئىنجىمارۇق! سەن بۈگۈن قىلغان جىنايىتىڭنى بىلەمسەن؟! — دەپ غەزەپلىك سوئال قويۇپتۇ. يۇمغاقسۈت يەنە تىلغا كىرىپ:

— ئەي ھۆكۈما لوقمان، بۇ ئىشتا مەن ياكى مېنىڭ جەمەتىم ئەيىبكار ئەمەس. بىزنى ساڭا ئېيتىپ بەرگەندەك لايىقىدا، چېغىدا ئىستېمال قىلسا ئىسسىقتىن بولغان تەپكە شىپا - مەنپەئەت قىلاتتۇق، ئەمما بىزنى تېرىغۇچى ئىگىمىز بىزنىڭ خۇسۇسىيىتىمىزدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغاچقا، بالىسىنى تېزرەك ساقايتمۇۋېلىشنىلا ئويلاپ سېنىڭ تاپىلاشلىرىڭنىمۇ ئۇنتۇپ، بالىسىغا ھەددىدىن كۆپ ئىچۈرۈۋەتتى، بۇنىڭدا بىزنى گۇناھقا تارتما، — دەپتۇ.

بۇ بىر تۈپ يۇمغاقسۈتنىڭ ئېيتقىنى راست بولسىمۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقىدىن يانالماي تۇرغاچقا:

— ئەي لەنىتى، بۈگۈندىن تارتىپ سەن ۋە سېنىڭ جەمەتىڭ ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن يىراق، باش كۆتۈرمەي يەر پايپىسى بولۇپ ئۆسكەيسىلەر! — دەپ قارغاپ تاشلاپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يۇمغاقسۈت ئىسمىلىك بۇ ئوتياش ھەرقانچە مۇنبەت يەردە كۆكلىسىمۇ ئېگىز ئۆسەلمەي، يەرگە سالپىيىپ ئۆسىدىغان ھەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەمتىمىن ئوسمان

## دانىشمەن لوقماننىڭ كارامىتى

بۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ زامانلار ئىلگىرى زېمىنى كەڭ ھەم مۇنبەت، بايلىقى مول، ئاھالىسى ئۆم بىر ماكان بولغانىكەن. ئۇ ماكاندا لوقمان ئىسىملىك خىزىردەك ئاپئاق ساقال، دانىشمەن بىر ئادەممۇ ياشىغان ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ بەندىلەرنىڭ كېسەل - ئاغرىقىنى داۋالايدىغان تېۋىپ ھەكىملىك ئالاھىدىلىكىدىن باشقا، قۇتلۇق كۆڭلىرى كىتاب كۆرۈش، بىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتىدىكەن. كىشىلەرگە سىلىق، مۇلايىم ئىكەن، يامان ئىشتىن يىرگىنىپ، كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئاجىز - ئورۇق، يېتىم - يېسىرلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىكەن. ھەمىشە باشقىلارنىڭ غېمىدە ئوت بولۇپ كۆيىدىكەن، سۇيىدە ئاقىدىكەن، ئۇلار-

www.uyghurkitap.com

نىمۇ ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىلەشكە دەۋەت قىلىدىكەن.

ھېكمەت ـ دانىشمەنلىكتە كامال تاپقان بۇ ئادەمدە ئاجايىپ خاسىيەتلەر بار ئىكەن. ئۇ كىتابىغا قاراپلا نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلەلەيدىكەن، ئەمما ئۇ جايدىكى كىشىلەر دانىشمەن لوقماننىڭ ئالدىنئالا بىلىۋالىدىغان كارامىتىگە زادىلا ئىشەنمەيدىكەن، ئۇنىڭ بۇ خاسىيىتىنى «ئالدامچىلىق» دەپ قارايدىكەن.

بىر كۈنى دانىشمەن لوقمان كىتابىنى ۋاراقلىغۇدەك بولسا، قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى چۈشىدىغانلىقى ئايان بوپتۇ. دانىشمەن لوقمان دەرھال قوشنىسىغا خەۋەر قىلىپ:

— قوشنام، بۈگۈن كېچە ساق، سەگەك ياتقىن، قويۇڭغا ئوغرى چۈشىدىكەن، — دەپتۇ. قوشنىسى لوقماننىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ، بەلكى تولڭ تېگىپ:

— سەن كىمىڭنى ئالداپ ئەخمەق قىلماقچى، سەنزە مېنى بىر كېچە ئۇخلىمىسۇن دەمسەن، سېنىڭ بۇ يالغان سۆزلىرىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟ سەن يا خۇدا بولمىساڭ غايىبنى بىلىدىغان، — دەپتۇ.

لوقمان دانىشمەن قاتتىق خورسىنىپتۇيۇ، قوشنىسىغا باشقا گەپ قىلماي ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ كۆرگەن كىتابلىرى ئىچىدىكى ھېكمەتلەر ئۈستىدە مۇتالىئە قىلغاچ قوشنىسىنىڭ غېمىدە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ. دېگەندەك تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە قوشنىسىنىڭ مال قوتىنىغا ئوغرى چۈشۈپتۇ. لوقمان دانىشمەن ھەممىنى سېزىپ ئولتۇرۇپتۇ. قوشنىسىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمىگىنىگە، نادانلىقىغا ئېچىنسىمۇ، ئۇنىڭ زىيان چېكمۋاتقىنىغا قاراپ تۇرغۇسى كەلمەپتۇ، قوشنىسىنىڭ مېلىنى قوغداپ قېلىشنى راۋا كۆرۈپ ھېكمەت قىپتۇ. قوتانغا چۈشكەن ئوغرى ئۆي ئىگىسىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغىنىدىن خۇشال بولۇپ، قوتاندا ئەركىن، خاتىرجەم ھەرىكەت قىپتۇ. قۇيرۇقى ئەگلەكتەك بولغان بىر سېمىز قويغا بۆرىدەك ئېتىلىپتۇ، بىراق ئوغرى كۆشەپ ياتقان قوينى مىدىر ـ سىدىر قىلالماپتۇ. ئۇرۇپ ـ تېپىپ بېقىپتۇ. قوي ھېچنېمە بولمىغاندەك جايىدا يېتىۋېرىپتۇ. جىلى بولغان ئوغرى قوينى قوتاندىلا بوغۇزلاپ، سويۇپ گۆشىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ قوينىڭ كانىيىغا پىچاق سۈرۈپتۇ. بىراق، شەمشەردەك ئىتتىك پىچاق قوينىڭ كانىيى تۈگۈل يۇڭىنىمۇ كېسەلمەپتۇ. ئۇنداق قىلىپمۇ، بۇنداق قىلىپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئوغرى بۇ كارامەتتىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، ھەيران بولغىنىچە قۇرۇق قول چىقىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە دانىشمەن لوقمان ئۆز كارامىتى بىلەن قوينى ئېغىرلاشتۇرۇپ، تېرىسىنى قاتتىق قىلىۋەتكەنىكەن. ئۆي ئىگىسى بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر بىخارامان ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋېرىپتۇ. دانىشمەن لوقمان يەنە بىر ھېكمەت ئىشلىتىپ قويلارنى ئەسلىدىكىدەك قىلىپ قويۇپتۇ. قوشنىسى بولسا ئەتىسى كىشىلەرگە «لوقمان ئالجىپ قاپتۇ ...» دېگەندەك گەپلەرنى تارقىتىپ، ئۇنى مەسخىرە قىپتۇ، ئەمما دانىشمەن لوقمان ھېچنېمە بىلمىگەن، ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك ئىلگىرىكىدەكلا يۈرۈۋېرىپتۇ. قىلغان ياخشىلىقىنى مىننەت قىلغان بولۇپ قالىدۇ، دەپ قىلچىمۇ تىنماپتۇ.

بىر كۈنى دانىشمەن لوقمان مەسچىتتە ئولتۇرۇپ كىتابىنى ۋاراقلاپ كۆرگۈدەك بولسا، ئۆز ئۆيىگە ئىككى ئوغرىنىڭ چۈشىدىغانلىقى ئايان بوپتۇ. ئۇ جامائەتكە:

— بۈگۈن كېچە ئىككى ئوغرىنى تۇتىمەن، ئەگەر ئۇلار گۇناھىغا تۇۋا قىلسا، مەنمۇ ئەپۇ قىلىپ قويۇپ بېرىمەن. ئۇنداق بولمىسا ئەتە سەھەردە قىلمىشىغا تۇۋا سازايى قىلدۇرد-

مەن، — دەپتۇ.

جامائەت ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئىشەنمەپتۇ، ھەممىسى ئۇنىڭغا يامان كۆزلىرى بىلەن قاراپتۇ ۋە مەسچىتتىن تارقىشىپ كېتىپتۇ. شۇ كېچىسى دانىشمەن لوقمان ئۆيىدە يېرىم كېچىگىچە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا ئىككى ئوغرى راستىنىلا قوتانغا چۈشۈپ دانىشمەن لوقماننىڭ داڭلىق ئېشىكىنى ئوغرىلىماقچى بوپتۇ. ئوغرىلار قوتانغا چۈشۈپ بىرى تانىغا، بىرى نوختىغا ئېسىلىپتۇ. بىراق، ئۇلار شۇ قىياپىتى بىلەنلا قاتقاندەك تۇرۇپ قاپتۇ، يا ئالدىغا، يا ئارقىغا ماڭالماپتۇ. ئېشەك ئوقۇرغا ئېڭىشسە، ئوغرىلارمۇ تەڭ ئېڭىشىپتۇ، تۇرسا تۇرۇپ، ماڭسا مېڭىپتۇ. ھاڭرىسا ۋارقىراپ، چىچاڭلىسا تەڭ سەكرەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەسلىدە دانىشمەن لوقمان ھەكىم ئوغرىلارنى ئېشەككە بەنت قىلىپ قويغانىكەن.

ئەتىسى دانىشمەن لوقمان ھەكىم قوتاندىن ئېشىكىنى يېتىلەپ چىقىپ كوچىغا سايتۇ. ئىككى ئوغرى كېچىدىكى تۇرقى - قىياپىتى بىلەنلا ئېشەككە ئۇن - تىنسىز ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. لوقمان دانىشمەن ئوغرىلارنى قىلمىشىغا تولۇق قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلىتىپ، ئۆزىنى ئۆزىگە سازايى قىلدۇرۇپتۇ. كۆپچىلىك ئوغرىلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئۆتكەن قېتىمدا لوقمان دانىشمەننىڭ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئوغرىلىققا چۈشۈپ، قورۇق قول چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئىككى ئوغرى بىر تەرەپتىن، ئۆز - ئۆزىنى سازايى قىلىپ تولاپ، ئېشەككە چاپلاشقان بويىچە كېتىۋاتقۇدەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىككىنچى ئوغرىلىق قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپ، ئوغرىلىق قىلغانغا دات - پەندىيات دەپ، لوقمان دانىشمەندىن ئەپۇ سورىغۇدەك. كۆپچىلىك ئوغرىلارنىڭ قىياپىتىدىن كۈلۈشسىمۇ، نەچچە ۋاقىتتىن لوقمان دانىشمەننىڭ ھېكمەتلىرىگە شەك كەلتۈرگىنىگە، بەزىدە تېخى مەسخىرە قىلىپ خورلاشقىنىغا ئىچ - ئىچىدىن خىجىل بولۇشۇپتۇ ۋە قاتتىق پۇشايمان قىلىشىپتۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى لوقماننى ھۆرمەتلەپ «لوقمان دانىشمەن» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بوپتۇ. ئۇنى ئۇستاز تۇتۇشۇپ قەدىرلىشىپتۇ. لوقمان دانىشمەن دائىم:

— مەندىكى دانىشمەنلىك، خاسىيەتلەر ئىلىم - ھېكمەت ئۆگىنىشتىن كەلگەن. ئىلىمسىزلىك قارىغۇلۇق، نادانلىق ۋە بىخۇدلۇقنىڭ دوستى ...، — دەپ ئەقلىيە ئېيتىپ، كىشىلەرنى كىتاب ئوقۇپ ئىلىم ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: نۇردۇن

## لوقمان ھەكىمنىڭ مىڭ يىللىق ئۆمرىگە تويماي ئۆلۈمگە ھىيلىلەر قىلىشى

ئادەم ئالەمدىن ئىككى نەرسىگە تويماي ئۆتكۈدەك. ئۇنىڭ بىرى ئۇزۇن ياشاشقا، يەنە بىرى ياخشى ياشاشقا، ياخشى ياشاشتىمۇ ياخشى يېيىشكە، ياخشى كىيىشكە ۋە ياخشى تىنىشكە (جاپا - مۇشەققەت چەكمەي، راھەت - پاراغەتتە ئۆتۈش) تويماي ئۆتكۈدەك. لوقمان ھەكىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەن.

لوقمان ھەكىمنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ياشاپمۇ يەنە ئۆمۈرگە تويماي ئەجەلگە ھىيلە قىلغانلىقى توغرىسىدا خەلق ئاغزىدا تۆۋەندىكىدەك ئىككى رىۋايەت ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ بىزگىچە يېتىپتۇ.

لوقمان ھەكىم بەندىلەرنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش، تەن ساقلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىگىلەپ، شىپالىق رولىنى تېپىپ چىقىشنى شەپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئالLاھدىن ئۇنىڭ ئەجەل ئەلچىسى ئەزرائىل ئارقىلىق ئۆزىگە مىڭ يىل ئۆمۈر بېرىشىنى تەلەپ قىلغانىكەن. ئالLاھ: « مېنىڭ بەندىلىرىم ئۈچۈنلا ياشايدىغان بولساڭ بوپتۇ» دەپ ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل كۆرگەنىكەن ...

لوقمان ھەكىم دەل مىڭ ياشقا تولغان كۈنى قارىغۇدەك بولسا، جان ئالغۇچى ئەزرائىل دەل ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. لوقمان ھەكىم شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ مىڭ ياشقا تولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ ۋە ئەزرائىلنىڭ ئۆزىنىڭ جېنىنى ئالغىلى كېلىۋاتقانلىقىنى جەزم قىپتۇ. لوقمان ھەكىمنىڭ ئۆلگىسى يوق ئىكەن. بولسا تېخى يەنە مىڭ يىلدىنمۇ ئۇزۇنراق ياشىغۇسى بار ئىكەن، شۇڭا دەماللىققا ئەزرائىلغا كۆرۈنمەي تۇرۇشنىڭ چارە - ئامالى ئۈستىدە ئويلىنىپتۇ. كاللىسىغا بىر ئامال كەپتۇ - دە، ئۈستىگە قوينىڭ تېرىسىنى يېپىنىپ قوتاندىكى قويلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ... «مىڭ يىل ياشىغان لوقمان، ئۆلۈمگە ھىيلىلەر قىلغان» دېگەن گەپ ئەنە شۇ ئىشتىن قالغانىكەن.

## مىڭ يىل ياشىغان لوقمان

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئالدىنقى رىۋايەتتە دېيىلگىنىدەك لوقمان ھەكىم ئالLاھتىن مىڭ يىل ئۆمۈر تىلىۋالغاندىن كېيىن ئادەملەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، ئۇلارنى ئاغرىق ئاسارىتىدىن خالاس قىلىش يولىدا كۆپ ئەجىر قىپتۇ، نۇرغۇن جاپالارنى چېكىپتۇ. ھەربىر گىياھ، ھەربىر دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىدىن ئۇچىغىچە بولغان ھەربىر ئۇگە - بوغۇملىرىنىڭ، گۈل - چېچەك، مېۋىلىرىنىڭ ھەتتا ياپراق، پوست - قوۋزاقلىرىغىچە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، شىپالىق رولى، زەھەرلىك ياكى زەھەرسىزلىكى قاتارلىق ھەممە تەرەپلىرىگىچە ئىزدىنىپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن تاغ - داۋانلارنى كېزىپتۇ، يېزا - سەھرالارنى ئايلىنىپتۇ. بۇ جەرياندا باشقىلارنىمۇ ياشارتىپتۇ، ئۆزىمۇ ياشاپتۇ. ئۇ شۇ تەرىقىدە ياشاپ ئۆمرىنىڭ مىڭ يېشىنى تولدۇرغان كۈننىڭ ئەتىسى سەھەردىلا ئۇنىڭ ئالدىدا ئەزرائىل پەيدا بوپتۇ.

— ھە، ئەزرائىل، بۇ تەرەپكە كېپقاپسىزغۇ، كىمنىڭ ئەجىلى تولۇپتۇ؟ — دەپ ئەزرائىلدىن سوراپتۇ. ئەزرائىل:

— سىز ئالLاھتىن مىڭ يىل ئۆمۈر تىلىگەنىكەنسىز، مىڭ يىل تولۇپتۇ، شۇڭا بۈگۈن ئالLاھنىڭ ئەمرى بىلەن جېنىڭىزنى ئالغىلى كەلدىم، — دەپتىكەن، لوقمان ھەكىم:

— ھوي، خۇدايىم مېنىڭ يېزا - سەھرادا ياشىغان يىگىرمە يىلىمنى چىقىرىۋەتمەپتىمۇ، — دەپتۇ.

« سەھرايى قىيامەت» دېگەن سۆز لوقمان ھەكىمنىڭ شۇ گېپىدىن قالغانىكەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مويدىن سايىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitab.com









بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي93-سان

源泉 (维吾尔文) 总93期

M AZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人 [illegible] 社编辑出版
(乌鲁木齐市 [illegible] 南路 348 号)
乌鲁木齐 [illegible] 局发行
中国国际图书 [illegible] 国外发行
全国各 [illegible] 阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一 [illegible] 1
本刊代号: [illegible]
ISSN 1005—0876/ [illegible] 外代 [illegible]

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى: 108-58. باھاسى: 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118